# ئانايۇرت

يېرىم يىللىق ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال


## ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - سان

(يېرىم يىللىق)

2017

4 - يىل، ئومۇمىي 9 - سان



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د.ئەسەت سۇلايمان
ف.د.ئالىمجان ئىنايەت
د.نۇرئەھمەت قۇربان
د.ئەركىن ئەمەت

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.net

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.net



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

**دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان**

**مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى** ........................................ 3

**ئادىل يۈسۈپ**

توقۇنۇش نەزەرىيەسى ........................................ 26

**ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن**

ئوتتۇرا ئاسىياغا لەغمەن بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ........................................ 44

**مۇسا جارۇللاھ بىگىيىۋ**

ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي ئەقىدىلىرىگە نەزەر ........................................ 103

**تاھىر بىن ئاشۇر**

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايە - مەقسەتلىرى (1) ........................................ 116

دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

# مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى

(ئىخۋانۇل مۇسلىمىن)

## مۇقەددىمە

ئىخۋانۇل مۇسلىمىن زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلامىي ھەركەتلەردىن بىرى بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە باشقا ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش، قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئاساسىدىكى ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. ئەمەلىي ھاياتتا ئىسلام قانۇنىنى يولغا قويۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام ۋە ئەرەپ رايونلىرىدا ئىلمانىي كېڭەيمىچىلىككە قارشى تۇرىدۇ. ئىخۋانۇل مۇسلىمىننىڭ قۇرۇلغاندىن تاكى دەۋرىمىزگىچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىگە قاراپ چىققان ۋاقتىمىزدا، دۇنيا سىياسىتىنىڭ ئۆزگۈرىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن ئۆزگۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىگە شاھىت بولىمىز. ئىسلام چۈشەنچىسىدە ئاساسەن سىياسىي مەقسەتلەرنى چىقىش قىلىدۇ. ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلە جەھەتتە مۇقىم بىر پىكىرگە ئېگە ئەمەس. بىز بۇ ئەسەردە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1 - قۇرۇلۇشى ۋە ھەسەنۇل بەننا دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار (ئىخۋان دەپمۇ ئاتايمىز) تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەنۇلبەننا(1949 1906-) بولۇپ، ئۇ، مىسىرنىڭ بۇھەيرە ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇمۇشلۇق بىرئائىلىدە تۇغۇلغان بەننانىڭ دادىسى «ئەل -پەتھۇررابىبانىي لىتەراتىبى مۇسنەدىل ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەل ئەش -شەيبانىي» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ ئالىم بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەننا دەسلەپكى تەربىيەسىنى ئائىلىسىدە، يەنى دادىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



قولىدا ئالىدۇ. سەككىز ياشقا كىرگەندە «مەھمۇدىيە» كەنتىدىكى قەدىمىي ئۇسۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان «مەدرەستۇر رەشادىد دىينىيە»گە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە قۇرئاندىن بىر قىسىم سۈرىلەرنى يادلىغاندىن كېيىن كۆپرەك ئەرەپ تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە باشلانغۇچ بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي زامانىۋىي ئۇسۇل بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ قىسمىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىشى سەۋەبىدىن «بۇھەيرە» ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدىكى «دەمەنھۇر دارۇلمۇئەللىمىن»گە يۆتكىلىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندىكى بەزى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئوقۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش بىلەن بىرگە «ھەسسافىيە» تەرىقىتىگە ئەزا بولىدۇ ۋە تەرىقەتنىڭ پىرى ئابدۇلۋاھاب ئەل - ھەسسافىيگە قول بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ تەرىقەت ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «ماھمۇدىيە» رايونىدا «جەمئىيەتۇل ھاسسافىيە ئەل -خەيرىييە» ۋە «شۇببانۇل مۇسلىمىن» ھەرىكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئۆز يۇرتىدا ئوقۇش ئىشلىرىنى تاماملىغان بەننا، 1927 - يىلى قاھىرەگە كېلىپ «كىچىك ئەزھەر»مۇ دەپ ئاتىلىدىغان «دارۇل -ئۇلۇم»غا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ سائەت رېمونت قىلىش دۇككىنىدا ئىشلەپ ئائىلە ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇشتىن سىرت، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىشنى قولدىن بەرمەيدۇ.[1]

بەننا قاھىرەگە كەلگەندىن كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مىسىر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن ماددى ۋە مەنىۋىي بۇزغۇنچىلىقلىرىنى كۆزىتىدۇ. بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئويلىنىدۇ. جەمئىيەتتە تونۇلغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ دەۋرنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن ۋە ئەزھەر شەيخلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد، يۇسۇف ئەد -دەۋجى، ئابدۇلئەزىز چاۋىش ھەمدە مۇھەممەد رېشىد رىزا قاتارلىق كىشىلەرنى غەلىبىلىك ھالدا بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. «دارۇل -ئۇلۇم»دا ئوقۇغۇچىلىقى داۋاملاشقان مۇددەت ئىچىدە

(1) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 307 - بەت. مۇھەممەد ئەممارە، «ئەل - ئىمام ئەش - شېھىد ھەسەن ئەل - بەننا»، 2006 - بىرىنجى نەشرى، 3 - 5 - بەتلەر.

ئاممىۋى پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇدۇ. جەمە ۋە مەسجىدلەردە ۋەز ئېيتىش ئارقىلىق خەلقنى زۇلۇمغا ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. چايخانىلاردا پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئالىملارنىڭ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. ئۆزى بۇ خىل پائالىيەتلەرنى ئاكتىپچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە نۇتۇق سۆزلەيدۇ.[2]

بەننا «دارۇل -ئۇلۇم»دىكى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى تۈپەيلى نىيىتىدىن يېنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەپسۇس ئۇنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە قاھىرەدە ئەمەس، ئىسمائىلىيەدىكى بىر مەكتەپكە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە يەنە بوش تۇرمايدۇ. جەمە ۋە چايخانىلاردا خەلقنى ئويغۇتۇش خاراكتېرلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەيدۇ. نىهايەت 1928 - يىلى 3 - ئايدا ئۆيىدە بىر يەرگە جەم بولغان بىر گۇرۇپپا كىشى بىلەن ئىسلام دەۋاسى ئۈچۈن ھايات ۋە ماماتتا بىرگە بولۇش قەسەمى ئىچىشىپ، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ تەشكىلات، «جەمئىييەتۇل ئىخۋانىل مۇسلىمىين» دىگەن نام بىلەن رەسمىيلىشىدۇ. بەننا ئىسمائىلىيەدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە دىنىي زاتلار، تەرىقەت شەيخلىرى ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق دەۋاسىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ. بەننانىڭ ئالتە يىللىق ئىسمائىلىيەدىكى ھاياتى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەسنادا قاھىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «جەمئىيەتۇت تەھزىيب ئەل - ئىسلامىي» نامىدىكى بىر ياشلار ئۇيۇشمىسى بەننانىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا قوشۇلۇپ كېتىش قارارى ئالىدۇ. رەھبەرلەر مەسلەھەتلىشىپ، 1933 - يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ باش شتابىنى قاھىرەگە يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەننامۇ ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە قاھىرەگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىمۇ ئاقساتىماي داۋاملاشتۇرۇدۇ.[3] 1933 - يىلىغىچە سۇۋەيش قانىلى رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇ تەشكىلات شۇ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن مەملىكەت مىقياسىدا

(2) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 307 - بەت.

(3) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 307 - بەت.

www.uyghurkitap.com



تەشكىلاتلىنىپ، پائالىيەتلىرىنى مەملىكەت خاراكتېرلىك خىزمەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ھەتتا بىر يىل ئىچىدە تارماق شۆبىلىرىنىڭ سانى ئەللىكتىن ئېشىپ كېتىدۇ.[4] بۇ جەرياندا بەزى جايلاردا مەسجىد قۇرۇلۇشى ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيەلەشتۈرۈپ خەلقنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئالغا سۈرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەسنادا تەشكىلات دىنىي، ئىجتىمائىي،مەدەنىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەر خىل تېپتىكى تەنتەربىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەتتا بۇ خىل پائالىيەتلەر تەشكىلات نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ تىز تەرەققى قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەپ، ئەزالارنىڭ مىسىر جەمئىيىتىدە ئادىل بىر مۇھىت يارىتىش ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش روھىنىڭ يۇقۇرى بولۇشىدا ياتىدۇ.[5]

تەشكىلات سۈرىيە،لۇۋان ۋە فەلەستىن قاتارلىق مەملىكەتلەردىمۇ تەشكىلى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئاكتىپ خىزمەتكە كىرىشىدۇ. مەزكۇر رايۇنلاردىكى تەشكىلات مەنسۇپلىرى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن جامەلەردە ۋە باشقا ئاممىۋى پائالىيەت سورونلىرىدا خەلققە نوتۇق سۆزلەشكە باشلايدۇ.

1933- يىلدىن ئېتىبارەن يىللىق ئومومى قۇرۇلتايلارنى چاقىرىشقا ۋە ستراتېگىيەلىك پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشقا باشلايدۇ. 1933- يىلى 5-قېتىملىق قۇرۇلتايدا ھەسەنۇلبەننا تەشكىلات قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10-يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەشكىلاتنىڭ غايىسى، چاقىرىقى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ دەۋردە ئىخۋان ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەلئىخۋانۇلمۇسلىمىين» ناملىق ھەپتىلىك گېزىت ۋە «ئەننەزىير» ناملىق تەشكىلات ژورنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ. فېروفېسسور مۇھىببۇددىن ئەلخەتىيب (1886 1969-) بۇ گېزىتنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ "ئەششىھاب" قاتارلىق بىر قىسىم گېزىت -ژورناللار نەشر ھاياتىغا كىرىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باسقۇچىدا مىسىر ھۆكۈمىتى ئىنگىلىزلارنىڭ ھىمايىسى بولۇپ ئۇرۇشقا كىرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ ئىشقا قارشى چىققان ئىخۋانۇلمۇسلىمىين مەنسۇپلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. خۇسۇسەن ئىنگىلىز ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت ھەسەنۇل بەننا قاتارلىق

(4) ھازىرۇل ئالەمىل ئىسلامىي، «

(5) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

تەشكىلاتنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى رەھبەرلىرىدىن بەزىلىرىنى بىر نەچچە قېتىم قولغا ئالدۇ.[6] تەشكىلات ئىنگىلىزلارنىڭ سىيونىست گۇرۇپپىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆلارنى قۇراللاندۇرۇۋاتقانلىقىنى،ئاخىرىدا يەھودىيلارنىڭ فەلەستىن تۇپراقلىرىنى ئالقىنىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇ يەردە دۆلەت قۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1940 -يىلى ئىنگىلىزلەرنى مىسىر زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە فەلەستىننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا بىر مۇجاھىتلار قوشۇنى تەشكىللەشنى قارار قىلغان ئىدى.

ئىخۋان ھەركىتىنىڭ ئاخىرقى ۋە ئالتىنچى قۇرۇلتىيى 1941 -يىلى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كېيىن «قۇرغۇچى ھەيئەتلەر يىغىنى» قۇرۇلتاي سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندۇ. بۇ يىغىن يۈز كىشىلىك بىر ھەيئەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنى ھەسەنۇلبەننا شەخسەن ئۆزى تاللىغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا تاقىلىپ قالغان «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن» ژۇرنىلى 1942 - يىلدىن ئېتىبارەن ئىككى ھەپتىدە بىر نەشر قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. 1944 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا مەنسۇپ 6 كىشى نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان ئىدى.[7]

1945 - چاقىرىلغان ئومۇمى قۇرۇلتايدا ھەيئەت ئەزالىرى ھەسەنۇلبەننانى تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاپ چىقىدۇ ۋە بۇ سايلامدا ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى رەئىس بولۇش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. سايلامدىن كېيىن بەننا مىسىرىكى مۇستەملىكىچى ئىنگىلىز ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جىھاد سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تەشكىلات ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ ئوچۇق نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.[8]

1947 - يىلى ھەسەنۇلبەننا رەھبەرلىكىدە بىر توپ خەلق ئاممىسى ئەزھەردىن باشلانغان بىر نامايىش ئۇيۇشتۇردۇ. 1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىخۋان تەشكىلاتى مىسىر ھۆكۈمىتى ۋە باشقا ئەرەپ دۆلەتلىرىدىن يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى مەنسۇپلىرى 1948-يىلى فەلەستىن ئۇرۇشىغا ئالاھىدە بىر ھەركەت ئەترىتى بىلەن قاتناشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

(6) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

(7) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 581 - بەت.

(8) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

www.uyghurkitap.com



قورچاق ھۆكۈمەت مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىدۇ.[9] 1948 - يىلى فەلەستىن ۋە سىيونىزىم مەسىلىسىدىكى پىكىرلىرى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئاشكارا قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ قاھىرەدىكى ئەلچىخانىلىرى مىسىر دۆلىتىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە مىسىر ھۆكۈمىتىمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن تەشكىلاتنى« دۆلەتكە قارشى ھەرىكەت» دەپ قاراپ، تەشكىلاتنىڭ تارقىتىۋېتىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مال -مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى قارار قىلىدۇ. 1948 - يىلى 9- ئايدا ئېچىلغان تەشكىلاتنىڭ 20-يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا تەشكىلاتنىڭ 20 - يىللىق خىزمىتىنى خۇلاسىلىغان ھەسەنۇلبەننا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ مىسىردىكى تارماق شۆبىلىرىنىڭ سانىنىڭ 2مىڭغا، سۇداندا 50كە يەتكەنلىكىنى، شەرقى ئىيوردانىيە، پاكىستان، سۈرىيە ۋە ئىراندا تارماق شۆبىلىرىنىڭ سانىنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[10]

مىسىر ھۆكۈمىتى 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تەشكىلاتنى يەنە تاقىۋېتىدۇ. بۇ ھادىسىدىن كېيىن ھەسەنۇلبانانا ئۆزى قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان «شۇببانۇل مۇسلىمىن» تەشكىلاتى ئىچىدە تۇرۇپ پائالىيەت كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.[11] بۇ قارار خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ ۋە 20 كۈندىن كېيىن مىسىرنىڭ دۆلەت مىنىستىرى ماھمۇت فەھمى ئەننۇقراشى تەشكىلاتچى بىر ياش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. نۇقراشىدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن ئىبراھىم ئابدۇلھادى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا ئېغىر دەرىجىدە زەربە بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇلارغا قارشى ئېچىنىشلىق جازالار يۈرگۈزىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 4 مىڭ كىشىنى قولغا ئالىدۇ.[12] بۇ مەزگىلدە ھەربىي لاگېردا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى قىلغان ئىشلىرىغا مەيۈسلىنىش ياكى پۇشايمان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، لاگېر مەيدانىنى مەسجىد، مەدرىسە، تەشكىلاتنىڭ كېڭەش پالاتا مەجلىسى ۋە بىر خىل ھەربىي مەشىق ساھەسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.[13] بەننا 1949 - يىلى2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاخشىمى بۇ تەشكىلاتتىن چىقىپ ماشىنىسى

(9) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

(10) ئىبراھىم ئەل بەيۇمي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، ٢١ - توم، ٥٨١ - بەت.

(11) ئىبراھىم ئەل بەيۇمي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، ١٦ - توم، ٣٠٨ - بەت.

(12) ئىبراھىم ئەل بەيۇمي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 581 - بەت.

(13) يۇسۇف قەرداۋى، تەربىيەتۇل ئىسلام، 75 - بەت.

بىلەن ئۆيگە كېتىۋاتقاندا، ھۆكۈمەت مەخپى ئورۇنلاشتۇرغان ساقچىلار تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋەقەدە ئېغىر يارىلانغان بەننا، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ھاياتقا كۆز يۇمىدۇ.[14]

ھەسەنۇلبەننا مىسىرنىڭ يوقسۇللۇق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇشنىڭ بوشاپ كېتىشىگە باغلايدۇ. غەرپنى قارغۇلارچە تەقلىد قىلىش، غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئىسلامدىن يىراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىش نەتىجىسىدە جەمئىيەتنى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كىملىك كىرىزىسلىرىگە ئىتتىرىشىنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى پاش قىلىدۇ. بۇ يولدا ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى توغرا رەۋىشتە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئىسلام دىنىنى بىر پۈتۈن ھالدا ھايات نىزامى دەپ قارايدۇ. سەلەپىيلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى مەنبەسىنىڭ قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئىسلام دىنىغا ئارىلىشىپ قالغان خاتا كۆز قاراش، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارغا قارشى سەگەك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەقىقى ئىسلام دىنىنىڭلا زامانىۋىلاشقان دۇنيانىڭ ئېھتىياجلىرىغا جاۋاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۆزى باشلامچىلىق قىلىۋاتقان بۇ تەشكىلاتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدا مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ.[15] بۇ يەردە بەننانىڭ بىر تەرەپتىن سەلەپىيلەك دەۋاسى قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن تەرىقەتكە كىرىپ بىر تەرىقەت شەيخى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بەزى كىشلەرنى ئويغا سالماي قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پىشىپ يېتىلمەي ۋە ساغلام بىر زېمىن ھازىرلىماي تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياستىگە بەزەن ئاستىرتتىن بەزەن ئاشكارا ئارىلىشىش پوزۇتسىيەسىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىدىن بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ھەسەنۇلبەننانىڭ پىكرى بويىچە ئېتىقاندا ئەۋلىيالار ئىلاھىي كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلار ھېچكىمگە پايدا ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنداق كۈچ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. قەبرى زىيارىتى قانۇنلۇق بىر ئىش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قەبرىدە ياتقان كىشىدىن

(14) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

(15) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياردەم سوراش، مەدەت تىلەش، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ قان قىلىش، ئۇنىڭ ۋەقە - ھادىسىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىش قاتارلىقلار بىدئەت ھېساپلىنىدۇ. ئىلىم ۋە ھېكمەت مۇسۇلمانلارنىڭ يوقىتىپ قويغان ۋە پۈتۈن كەتكەن مېلى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنى نەدىلا بولمىسۇن تېپىپ ئېگە بولۇشى كېرەك. ئەقىل بىلەن دىنى ئاڭ ئوتتۇرىسىدا بەزىدە ئىختىلاپ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىختىلاپ كەسكىن ۋە ھەقىقى تېمىلاردا ھەر دائىم بىرلىشەلەيدۇ. ھەقىقى ئىلىم بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېچقانداق نەتىجە دىنغا قارشى كەلمەيدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىدا بىر ئىختىلاپ كۆرۈلسە، خام ئىلىمنى ئەمەس، كەسكىن ھەقىقەتنى مۇۋاپىق شەكىلدە ئىزاھلاش كېرەك. مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەستىن ئۇنى مەخپىي بىر كۈچكە باغلاپ چۈشۈنۈش ئىنسانلارنى ھورۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ غەيبىي ياكى مېتافىزىكىلىق تەرىپىنى ئىنكار قىلىش بىئولوگىيەلىك ماتېرىيالىزىمچىلارنىڭ ئىشى. مۇسۇلمانلار ئەقىل بىلەن غەيبنى، ئىلىم بىلەن مېتافىزىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئىسلام ماددىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا قۇل بولۇشنى رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە بەزى كىشى ۋە كىشىلەر توپى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان سەلبىي ئۆرنەكلەر ۋە مۇستەسنا ۋەقەلە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[16]

ھەسەنۇلبەننا مودېرن دەۋر ياراتقان ئىدئولوگىيەلەر، بولۇپمۇ ئەرەپ مىللەتچىلىكى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ئىرقچىلىقنى كەسكىن ھالەتتە رەت قىلىدىغانلىقنى تەكىتلەيدۇ. مىسىر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار جۇغراپىيەسىنىڭ بىر پارچىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھېساپلىنىدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ چېگراسىنى ئىمان بىرلىكى بەلگىلەيدۇ. لېكىن غەرپ مىللىيەتچىلىكىنىڭ ۋەتەن ئېڭىنى جۇغراپىيەلىك رايون كۆز قارىشى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئاساسى پىرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. بىر مۇسۇلمان مىللىي يىلتىزلىرى ئۈستىدىن تۈرمۈشنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن باشقا ئىرقتىن بولغان بىرىگە زۇلۇم قىلالمايدۇ. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ۋە ئىرقچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىيەتچىلىك چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەننا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەتنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بەزى تۈرمۈش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقى ئىنكار قىلمايدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساس پىرىنسىپلىرىغا

(16) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 308 - بەت.

زىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بەزى مىللەتلەر بەزى جەھەتلەردىن ئۈستۈن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. تارىختا بۇ خىل ئارتۇقچىلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئەسلىدە ئىنسانىيەت دۇنياسىنى غەرپ ۋە شەرق دەپ ئايرىش توغرا ئەمەس. غەربپەرەسلىك ئۆتكۈنچى بىر شوئار. بۇنداق ئايرىمچىلىق ئەسلىدە غەربلىكلەرنىڭ ئىشى. لېكىن مۇسۇلمانلار پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ قارايدۇ.[17]

خۇسۇسەن ھەسەنۇل بەننا «دەۋەتۇنا» ناملىق ئەسىرىدە يۇقۇرىقى پىكىرلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر دەۋىتىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېساپلىنىدىغان بولسا، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتەن تۇپراقلىرىنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا مېھرى - مۇھەببەت باغلاش، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتۇر، دەپ قارالسا، ئۇنداق قىلىش مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىكتۇر. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام دىنىمۇ ئىنسانلارنى بۇنىڭغا بۇيرىيدۇ. مەسىلەن پۈتۈن بارلىقىنى ئىسلام يولىدا پىدا قىلغان بىلال ھەبەشى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مەدىنىدە ئىكەن مەككىگە بولغان سۆيگۈسىنى قوشاق قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ مەككىنى ئېسىل جاي دەپ ماختاپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللايدۇ. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن يىغلاپ كېتىدۇ. بەننا يەنە «ئەگەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇ ۋەتەننى مۇستەملىكىچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بار كۈچى بىلەن ئىشلەش، ئۇنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئىززەت ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇلىرىنى يىلتىز تارتقۇزۇش بولىدىغان بولسا، بىز يەنە ئۇلار بىللىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك يۇرتۇمىزدىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىر مەركەز ئۈستىدە كۈچەيتىش ۋە ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بۇ يولدا خىزمەت قىلىشقا ئۈندەش بولسا، بىز يەنە ئۇلار بىلەن بىرلىشەلەيمىز. چۈنكى ئىسلام دىنى بۇ ئىشنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر ۋەتەنپەرۋەرلىك يۇرتىمىزنى پەتھ قىلىش، ئۇنى باشقۇرۇش بولىدىغان بولسا بۇنىمۇ ئىسلام دىنى پەرز قىلغان. چۈنكى پەتھ قىلغۇچى مۇسۇلمانلار يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل گۈللەندۈرگۈچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننى تۈتقا قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرگۈزىدىغان، بىر - بىرى بىلەن تايىنى يوق

(17) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي ئەل غەنىيم، «ھەسەنۇل بەننا»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 16 - توم، 309 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەۋەپلەر بىلەن جىدەلگە سېلىپ، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلدۇرىدىغان، بىر - بىرىگە ھىلە -مىرىكىرلەر بىلەن تۇزاق قۇردۇرىدىغان، بىر - بىرىنى يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق يامان ئىپقىملارغا بۆلۈش بولسا، مانا بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىكتە ھېچقانداق پايدا يوق. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق شۇكى بىزنىڭ ۋەتەن چۈشەنچىمىز ئېتىقادىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بولسا، جۇغراپىيەلىك چېگرالاردىن ئىبارەتتۇر. نەدە بىر مۇسۇلمان بولسا، ئۇ يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز. بىز ئۇنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايمىز. مۇقەددەساتلىرىغا ھۆرمەت قىلىمىز. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز. ئۇلار بىزنىڭ قېرىندىشىمىز».[18]

## 2 ـ تەشكىلاتنىڭ ھەسەنۇل بەننادىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى

مۇسۇلمان قېرىنداشلا تەشكىلاتى مىسىردا 1950- يىلى ھەربى قوماندان نەھھاسنىڭ دۆلەت مىنىستىرلىقىغا يۈكسىلىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. نەھھاس خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. يەنى، بىر قارار چىقىرىپ ئىلگىرىكى قارارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئەد - دەۋە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە مىسىردا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇھىم ھادىسەلەردىن بىرسى ئىنگىلىزلارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى ئىدى. بۇ باسقۇچتا مۇسۇلمان قېرىنداشلار بار كۈچى بىلەن نەھھاسنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى قوللىدى. پەقەت شېھىت قىلىنغان ھەسەن ئەل - بەننانىڭ ئورنىغا كىمنى سايلاش توغرىسىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئىچىدە تالاش - تارتىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھەتتا تەشكىلات ئىچىدە ئېغىر داۋالغۇشلار مەيدانغا كەلدى. 1951 - يىلى ھەسەن ئەل - ھۇدەيبىينىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ ۋەزىيىتى نورماللاشتى. تەشكىلاتنىڭ يېڭى باشلىقى نەھھاس ھۆكۈمىتىنىڭ 1936 - يىلى ماقۇللانغان ئىنگىلىز - مىسىر توختامنامىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى قوللاش بىلەن بىرگە ئىنگىلىزلەرگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك جىھاد ئېلان قىلدى. بۇ مەقسەتتە بىر قۇراللىق كۈچ تەشكىللىدى. 1952 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلىپ چىققان «ئەد - دۇبباتۇل ئەھرار (ھۆر ئوفىتسېرلار)» قوزغىلىڭىنى قوللىدى. قوزغىلاڭدىن تۆت كۈن كېيىن

(18) يۇسۇف قەرداۋىي، تەربىيەتۇل ئىسلامىيە، 89 - 91 - بەتلەر.

ئېلان قىلغان باياناتىدا بۇ قوزغىلاڭنىڭ «مۇبارەك ئىش» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ ھۆكۈمەت بارلىق پارتىيەلەرنى تاقىۋەتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى سىياسى تەشكىلات ئەمەس، ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئېلىپ بارىدىغان بىر جەمئىيەت دەپ قاراپ چەكلىمىدى. پەقەت ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن مىسىرنىڭ يېڭى سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ قايتا تەشكىللىنىش پىرىنسىپى ھەققىدە ئىنقىلاپچىلار بىلەن ئىسلام دۆلتى قۇرۇش ئارزۇسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى مەنسۇپلىرى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئوخشىماسلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. نەتىجىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى تەرىپىدىن دۆلەت تۈزۈمى قىلىپ بېكىتىشكە تېگىشلىك بەزى بەلگىلىمىلەر، يەنى «خۇسۇسي نىزام»، بۇ مەزگىلدە دۆلەت قانۇنى ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى سىياسى بىر تەشكىلات دەپ قارىلىپ 1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاقىۋېتىلدى. ھەتتا دۆلەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋە ئىنگلىزلار بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن دەپ ئەيىپلىنىپ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىر نەچچە كىشى قولغا ئېلىندى.(19)

ئىنقىلاپ كېڭىشى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىلاپلارنىڭ شىددەتلىنىشى ۋە 1954 - يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ھەربىي قوماندان مۇھەممەد نەجىبنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنىڭ ئېلان قىلىنىشى (ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭمۇ بۇنداق ئىشتىن خەۋرى يوق ئىكەن) بىلەن ئۇنى قوللايدىغان خەلق توپى نامايىش قىلىشقا باشلىدى. بۇ نامايىشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى باشلامچىلىق قىلدى. ئاخىرىدا مۇھەممەد نەجىب يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇردى. دۆلەتنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىگە ئۆتۈشى ئىخۋان جامائىتى تەرىپىدىن مەمنۇنلۇق بىلەن قارشى ئېلىندى.“ئىخۋانۇلمۇسلىمىين“ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلاندى. ئەمما 12-ساندىن كېيىن يەنە چەكلىمىگە ئۇچرىدى.(20)

1954-يىلى 10-ئاينىڭ 26-كۈنى جامال ئابدۇناسىرنىغا قىلىنغان نەتىجىسىز بىر سۇيىقەست ئىخۋانۇلمۇسلىمىنغا نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي باسقۇچ بولۇپ قالدى. بۇ ۋەقە باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى قەدەمدە سۇيىقەستنىڭ جاۋاپكارى دەپ قارالغان تەشكىلات، قانۇنسىز تەشكىلات

(19) ئىبراھىم ئەل بەييۈمىي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 581 - بەت.

(20) ئىبراھىم ئەل بەييۈمىي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 581 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىڭلارچە ئەگەشكۈچىسى قولغا ئېلىندى. 1954- يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى 7نەپەر رەھبىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىلىششى بىلەن تەشكىلات رەئىسى ھەسەن ئەلھۇدەيگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەر تىلدى. قالغان يەتتە كىشىگە ئۆلۈم جازىسى بېرىلىپ، جازاسى دەرھال ئىجرا قىلىندى. تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلار ئېچىنىشلىق قىيىن قىستاقلارغا دۇچار بولدى. 1954 - يىلى 10 - ئايدىن ئايدىن 1955 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا 27كىشى سوراق مەيدانىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. 1957 - يىلى 6-ئايدا ئەسكەرلەرنىڭ قالايمىقان ئاتقان ئوقلىرى بىلەن يەنە نۇرغۇنلىغان ئىخۋان ئەزالىرى شېھىت بولدى. ئېخۋانۇلمۇسلىمىننىڭ ھەركەتلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەر ئاستى پائالىيەتكە ئۆتتى. 1965- يىلىنىڭ بېشىدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شەرتلىك ياكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. بىراق شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا قايتىدىن كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش باشلىنىپ كەتتى. ئايال ۋە كىچىك قىزلاردىن تەركىب تاپقان مەھبۇسلارنىڭ سانى 20مىڭدىن ئاشقان ئىدى. سوراق نەتىجىسدە يەتتە كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 100 دىن ئارتۇق كىشىگە ئوخشاش بولمىغان مۇددەتلەر بويىچە قاماق جازاسى بېرىلدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن بىر قىسمىنىڭ جازاسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، سەييىد قۇتۇپ ، يۇسۇف ھەۋۋاش ۋە ئابدۇلپەتتاھ ئىسمائىل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جازاسى يېنىكلىتىلمەستىن 1966- يىلى8 - ئاينىڭ 29-كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.[21]

جامال ئابدۇلناسىر ئۆلگەندىن كېيىن (28.9.1970) ئۇنىڭ ئورنىغا سايلانغان ئەنۋەر سادات تۈرمىدىكى ئېخۋان تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى قەدەممۇ قەدەم قويۇپ بېرىشكە باشلىدى ۋە 1970-يىلىدىن 1978-يىلىغىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق ھالەت شەكىللەندى. 1973 - يىلى ھەسەن ئەلھۇدەيبىينىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە ئۆمەر ئەت - تىلىمسانى سايلاندى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بۇ مۇددەت ئىچىدە گەرچە قانۇنلۇق بىر تەشكىلات سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ،يەنىلا دەۋەت پائالىيىتىنى توختاتماي

(21) ئىبراھىم ئەل بەييۇمي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 581 - 582 - بەت.

داۋاملاشتۇردى. 1976- يىلى «ئەد -دەۋە » ژورنىلىنى يېڭىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلاندى. ژۇرنالدا تەشكىلاتنىڭ قانۇنلۇق بىر تەشكىلات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى لازىملىقى، شەرىئەت سىستېمىسىنىڭ دۆلەت قانۇنى سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەنۋەر ساداتنىڭ 1979- يىلى ئىسرائىل بىلەن ئىمزالىغان ئىتتىپاقلىق كېلىشىمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە ئىسرائىلنىڭ قاھىرەدە ئەلچىخانا تەسىس قىلىشىغا يول قويماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئەسەرلەر نەشر قىلىنىشقا باشلاندى. 1978- يىلدىن 1981- يىلغىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە تەشكىلات بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىران ئىنقىلابى ۋە مىسىر - ئىسرائىل توختامنامىسىنىڭ تەسىرىدە يەنە يىرىكلىشىشكە باشلىدى. 1981- يىلى 9-ئايدا «ئەد -دەۋە» ژورنىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. بۇ ئارىدا تەشكىلات رەئىسى ئۆمەت ئەت -تىلمىسانى قاماققا ئېلىندى ۋە ھۆسنى مۇبارەك ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.(22)

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ھۆسنى مۇبارەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشتا ياخشى بولغان. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى داۋاملىق ھالدا يېڭى قۇرۇلغان ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەر بىلەن باشتا چىقىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن زىددىيەت كېلىپ چىقىش ئەھۋالى تەكرارلىنىپ تۇرغان. دېمەككى، ئۇلار تەجرىبە - ساۋاقلارنى ياخشى يەكۈنلىيەلمەي كەلگەن.

يۇسۇف قەرداۋىينىڭ ئىپادىسى بويىچە ئېيتقاندا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ھېچقاچان ئۆزلىرىنى زىندانلارغا تاشلىغان ۋە قىيىن قىستاقلارغا ئالغان كىشىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىمىدى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە كۆز تىكمىدى. ئەسىرلىرىنى ئاچ قويمىدى. ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قەست قىلغانلارنى مەيلى ئوچۇق - ئاشكارا بولسۇن، مەيلى مەخپى ھالەتتە بولسۇن ئۆلتۈرۈشنى ئويلىمىدى. ئىمكانىيەتلىرى بولسىمۇ ئۇلارغا قارشى يامان خىياللاردا بولمىدى.(23)

بۇ دەۋردە ئىخۋان تەشكىلاتىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سايلامغا قاتنىشىشىغا روخسەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن 1984- يىلدىكى سايلامغا « ۋەفد پارتىيىسى»

(22) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 582 - بەت.

(23) يۇسۇف قەرداۋىي، «ئەت - تەربىيەتۇل ئىسلامىييە ۋە مەدرەسەتۇ ھەسەنۇل بەننا»، بەشىنچى باسمىسى، قاھىرە 2004، 21 - بەت.

www.uyghurkitap.com



بىلەن بىرلىششكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋە پارلامىنتقا ئاران 6 مىللەت ۋەكىلى كىرگۈزەلىگەن، 1987- يىلىدىكى سايلامدا بۇ سان 36 گە يۈكسەلگەن ئىدى. 1990- يىللارغا كەلگەندە ئۇقۇغۇچى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن دۆلەت سىياسىتىنى ئەندىشىلەندۈرىدىغان دەرىجىدە كۈچلەندى. 1995- يىلى ئەكسىلئىنقىلابى كۈچلەر بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارىلىپ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان رەھبەرلىرىدىن بەزىلىرى قولغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەشكىلاتنىڭ دۆلەت سىياسىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. 1995- يىلى قاھىرەدىكى خىزمەت بىرولىرى تارقىتىۋېتىلدى. بىرى قىسىم تەشكىلات مەنسۇپلىرى ھەربىي سوتتا سوتلىنىپ، ئېغىر جازالارغا تارتىلدى. 1995- يىلى 11-ئاينىڭ 29- كۈنىدىكى سايلامغا قاتنىششىمۇ چەكلەندى. 1996- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنى مۇھەممەت ھامىد ئەبۇننەسرىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا مۇستافا مەشھۇر سايلاندى. تەشكىلات تەرىپىدىن قارار ماقۇللىنىپ ئۇنىڭ خىزمەت مۇددىتى ئۆلۈمگە قەدەر داۋاملىششتىن 6يىللىققا ئۆزگەرتىلدى.[24]

تەشكىلاتنىڭ بىر ئورگان قانۇنى بار بولغاندىن سىرت، ئۇنى شەرھىيلەپ بېرىدىغان بىر ئىچكى نىزامى مەۋجۇت ئىدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورگىنى بولغان ئۇمۇمى كېڭەش (شۇرا) مەجلىسى قاھىرەدىكى 3- قېتىملىق يىغىندا (1935) ئېخۋانۇلمۇسلىمىننىڭ نىزامنامىسىنى يېڭىدىن تەستىقلاپ چىقتى .بۇ نىزامنامىگە 1945- يىلى بەزى ئۆزگەتىشلەر كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدا تەشكىلاتقا ئەزا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى قايتا ئۆزگەرتىلدى. ئەزالىق باسقۇچى ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ ئىجرا قىلىندى. بىرىنچى باسقۇچى كاندىدات ئەزا، ئىككىنچى باسقۇچى رەسمىي ئەزالىق باسقۇچى قىلىپ بېكىتىلدى. تەشكىلاتقا ئەزا بولماقچى بولغان كىشى ئالتە ئاي ئىچىدە ئەزالىق سالاھىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە سىناقتىن ئۆتۈپ رەسمىي ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزالىق باسقۇچى باشلىنىپ، ئاندىن تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەزالىرى قاتارىغا قوشۇلۇشى مۇمكىن بولاتتى. ئەزا بولماقچى بولغان نامزاتلارنىڭ ئون سەككىز ياشقا توشقان بولۇشى شەرت قىلىنىدى. ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئىخۋان پىكرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ھەردائىم تەشكىلات تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرۇش ۋە ھەر ئاي ئەزالىق

(24) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 582 - بەت.

بەدەل پۇلى تۆلەش ئارقىلىق تەشكىلاتقا ماددى ياردەمدە بولۇش قاتارلىقلار تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسى ئىدى.[25]

## 3 - ئىخۋانۇلمۇسلىمىن ۋە ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى

مۇسلىمان قېرىنداشلار ھەركىتىنى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مىسىردا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى مۇسۇلمانلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى بەلگىلەشكە تىرىشقان بىر ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ. جامالۇددىن ئافغانى ۋە ئۇنىڭ ئوقوغۇچىسى مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن باشلىنىپ كېيىنچە لىبېرال ۋە رادىكاللىققا مايىل ئىككى يولغا ئايرىلىپ داۋاملاشقان ئىسلاھات ھەركىتى پەقەتلا پىكرى سەۋىيەدە قېلىپ قالغان بولۇپ، خەلق ھەركىتىگە ئايلانمىغان ئىدى. رادىكال پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىكى رەشىد رىزانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەسەنۇلبەننا، ئىسلام دۇنياسىدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ پەقەتلا جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن ھەل قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ھەركىتىنى بۇ پىكىر ئەتراپىدا شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ھەسەنۇلبەننا ھەرىكىتى ھەققىدە بۇنىڭ بىر خىل يېڭىلىق (تەجدىد) ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن چۈشەنچىسى، ئىخۋانۇلمۇسلىمىننىڭ غايىسىگە ۋە بۇ غايىگە يېتىپ بېرىشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ چىقىش مېتودىغىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.[26] لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىشىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلام دۇنياسىدا مودا بولۇپ قالغان بىر خىل يېڭىلىق چۈشەنچىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇ يەردە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، ئافغانى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىردىن بىر يولى ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشتە دەپ قارىسا، مۇھەممەد ئابدۇھ بۇ نىشانغا پەقەتلا تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. لېكىن ھەسەنۇل بەننا بولسا، بۇ ئىككى يولنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ھەر ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.[27]

ئىسلامىي ھۆكۈملەر ۋە ئىسلام تەلىماتىنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ئاساس دەپ قاراش پۈتۈن ئىخۋان مەنسۇپلىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغان ۋە تەشكىلات تارىخىدا پەقەت ئۆزگەرمەي

(25) ئىبراھىم ئەل بەييۇمىي غەنىيم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، 21 - توم، 582 - بەت.

(26)

(27) روبىر جاكسىن، «ھەسەنۇل بەننا ئەر - رەجۇلۇل قۇرئانىي»، 1977 - يىلى بىرىنچى باسمىسى، 7 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېلىۋاتقان بىر خىل كۆز قاراشتۇر. ئىخۋانۇلمۇسلىمىن تەلىماتلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىتاب )قۇرئان( ۋە سۈننەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار قانداق چۈشەنگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇنداق چۈشەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلامنى زامانىنىڭ رەڭگى بىلەن ئەمەس، زامانىنى ئىسلامنىڭ رەڭگى بىلەن تولۇس ئالدۇرۇش پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ.

ئىخۋانۇلمۇسلىمىن سەلەپى، سۈننى، سۇپى بىر سىزىق ئۈستىدە يول تۇتۇش بىلەن بىرگە، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىلىم - پەن ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەركەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر خىل ھەركەتتۇر. ھەسەنۇلبەننا تەشكىلاتىنىڭ غايىسىنى «ئاساس» ۋە «خۇسۇسىي» دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئاساس غايىلىرىدىن بىرى، پۈتۈن مۇسۇلمان تۇپراقلىرىنى چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش. ئىككىنچىسى، بۇ تۇپراقلاردا ئىسلامىي ھۆكۈملەر كۈچكە ئىگە قىلىنىپ،ئىسلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. خۇسۇسى غايىسى بولسا، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى مىسىر جەمئىيتى ئاساس ئوبېيكت قىلىنغان.

تەشكىلاتقا كىرگەن ھەرقانداق كىشى ئالدى بىلەن ئۆز -ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى ۋە ئىسلام ئاساسلىرىغا مۇۋاپىق بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىشى، ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ «ياخشىغا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئاتلىنىشى كېرەك. ئىسلام دۇنياسىنى مەدەنىي، پىكرى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسى ساھەلەردە ئېمپېرىيالىستىك كۈچلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلىشى كېرەك. ئىسلامىي ئاساسلارغا مۇۋاپىق، ئىسلام ئۈممىتىنى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، ئىسلام تۈزۈمىنى ھاكىمىيەت بېشىغا قويۇدىغان ئىدىيەدە بولۇشى كېرەك. ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت كۆزقارىشىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. يەر يۈزىدە مەيدانغا كېلىدىغان بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد روھى ئۇرغۇپ تۇرغان بولۇشى كېرەك.[28]

دىنىي ئاساسلارغا تايىنىدىغان بىر جەمئىيەت مودىلىنى مۇداپىئە قىلىدىغان

(28) سەئىد ھەۋۋا، «50 - يىلدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»، 231 - بەت.

ئىخۋانۇلمۇسلىمىن بۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق بىر قانۇن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. دىن -دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئايرىلىشىغا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. تەشكىلاتقا نىسبەتەن شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرى ھەرقانداق بىر زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دىنىي، ئىجدىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر گەۋدە سۈۋىتىدە ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. ئىسلامنىڭ پۈتۈن بۇيرۇق ۋە ھۆكۈملىرى، بىر - بىرىگە تايىنىدىغان مۇكەممەل بىر ئىجتىمائىي ھايات پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن بىر پۈتۈن ھالدا تەدبىقلىنىشى لازىم. بىر قىسمىنى ئېلىپ بىر قىسمىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

شەرىئەت ۋە فىقھ ئايرىمى ئۈستىدە توختالغان ئىخۋانۇلمۇسلىمىنغا نىسبەتەن فىقھى ھۆكۈملەر تارخىيلىققا ئېگە بولىشى مۈمكىن. پەقەت شەرىئەت بولسا، ھەرقانداق ماكان ۋە زاماندا كۈچكە ئېگە. ئىجتىھاد ئىشىكىنىڭ داۋاملىق ئوچۇق بولىشى زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ ئىسلامىي بىر ھالەتتە ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلايدۇ.

ئىخۋانۇلمۇسلىمىن ئەنئەنىۋى ئىسلام سىياستى چۈشەنچىسىنى ئەسكە سالىدىغان پىكىرلىرى بىلەن ئۇلار ئىزچىللاشتۇرماقچى بولغان تۈزۈمنىڭ تېئوكراتسيە ياكى دىكتاتۇرلۇق تۈزۈمدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن رەھبەرلىك قىلغۇچى بىر مۇقەددەسلىككە ئېگە بولمىغاندەك قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇيرۇقلار ئالدىدا دۆلەت رەئىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچى خەلق ئاممىسى باپ -باراۋەر ھېسابلىنىدۇ.

ئاممىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىكى « كېڭەش (شۇرا)» تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان دۆلەت رەئىسى ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئىش قىلىدۇ ۋە ئۇلار سايلاپ چىققان كىشىلەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ.

ھەسەنۇلبەننا تەرەققى قىلغان بىر دۆلەت مودىلى ئوتتۇرىغا قويماسلىق بىلەن بىرگە ئومۇملاشتۇرۇپ بەزى نوقتىلار ئۈستىدە تەپسىلى پىكىر بايان قىلغان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىسلام جۇغراپىيەسى چېگرا تونۇمايدۇ. قان -قېرىنداشلىقنى موھىم دەپ قارىمايدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى يالغۇز بىر ئۈممەت دەپ قارايدۇ. خەلىپىلىك ئىسلام بىرلىكىنىڭ سىمۋۇلى ھېساپلىنىدۇ. ھەتتا بۇ ئىسلامنىڭ بىر شۇئارى ھېساپلىنىدۇ. خەلىپە بولسا، ئاللاھ بەلگىلىگەن پىرىنسىپلارنى تەدبىقلىغۇچىدىن ئىبارەت. بەنناغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com



نسبەتەن سياسى ئىدارە، يەنى دۆلەت رەئىسى، ئاللاھ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا قىلغان ئىشلىرىدىن مەسئۇل بولىدۇ. تۈزۈملەر ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ھەسەنۇلبەننە مەۋجۇد تۈزۈمدە ئۆزلىرىگە نىسبەتەن نېمىنىڭ قوبۇل قىلىنىپ نېمىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئۈستىدە توختالغان ۋە پوزىتسىيىسى كېيىنكى يېتەكچىلەر تەرىپىدىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلغان. پرىنسىپ جەھەتتە ئاساسى قانۇنغا تايىنىدىغان بىر دۆلەت تۈزۈمىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە بەننا مەۋجۇد مىسىر ئاساسى قانۇنىنىڭ غەرب دۇنياسىدىن ئېلىنغانلىقى، ئىسلامغا مۇۋاپىق بولمىغان نوقتىلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن خۇسۇسى ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكنى قوغدايدىغان، كېڭىشىش ئاساسىغا تايىنىدىغان، كۆچنى مىللەتتىن ئالىدىغان رەھبەرلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا ئاما ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىدىغان ۋە ھەرخىل بېسىمنى چەكلەيدىغان ئاساسي قانۇن ھۆكۈملىرىنىڭ ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە تەشكىلى تېمىلاردىكى قائىدە ۋە نىزامنامىلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تەرىپى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسي قانۇنغا تايىنىدىغان تۈزۈمنىڭ يەر يۈزىدە ئىسلامي باشقۇرۇش شەكلىگە ئەڭ يېقىن سىستېما ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[29]

بەننا ئاساسي قانۇن ھەققىدە كۆرسەتكەن بۇ مۇسپەت پوزىتسيەسىنى دېموكراتىك تۈزۈملەرنىڭ بىر ئېلمېنتىنى شەكىللەندۈرىدىغان سياسىي پارتىيەلەر ھەققىدە كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاساسى قانۇنغا تايىنىدىغان بىر پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى ئۈچۈن سياسى پارتىيەلەر بولمىسا بولمايدىغان شەرت بولمىغىنىدەك، بۇلار شەخسيەتچىلىك، ئىنسانلار ئىچىدە دۈشمەنلىك ۋە پۇرسەتپەرەسلىكنىمۇ تۇغدۇرىدۇ. لېكىن ئىخۋانۇلمۇسلىمىننىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ بۇ نۇقتىلىق پوزىتسيەسىگە قارىماي، تەشكىلات رەھبەرلىرى 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن كۆپ پارتىيەلىك تۈزۈمگە ئۆتكەن مىسىردا ئۆزلىرىگە يوللۇق بىر زېمىن تاپالىدى. ئالدى بىلەن سياسى پارتىيە قۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بۇنىڭغا روخسەت قىلىنمىغانلىقتىن كېيىن خىلمۇخىل پارتىيىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە سايلامغا قاتناشتى ۋە پارلامېنتتىن ئورۇن

(29) ھەسەنۇل بەننا، مەجمۇئەتۇررەسائىل، 274 - بەت.

ئالالىدى.

ئىخۋانۇلمۇسلىمىن ئىسلامي بىر دۆلەت تۈزۈمىدە ئىقتىسادنىڭمۇ ئۆزىگە خاس پىرىنسىپى بارلىقىنى ۋە بۇنىڭ كاپىتالىستىك ياكى سوتسىيالىستىك بىر ئىقتىساد تۈزۈمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەشكىلاتنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ئاساسەن سەيىد قۇتۇپنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادي ھاياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۈچ خىل پرىنسىپ بەلگىلەيدۇ. بۇلار مۇتلەق ۋىجدان ئەركىنلىكى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا تولۇق باراۋەرلىك ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش قاتارلىقلاردۇر.[30]

ئىسلام خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ھوقوقىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنى پۈتۈنلەي ئەركىن قويىۋەتمەيدۇ. مالنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئادەتتە ئاممىغا ئائىت بولسىمۇ، كىشى ئىگىدارچىلىقىدىكى مال ھەققىدە ئاممىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىش بىجىرىدۇ. ئاما بولسا، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى بولغان ئالالاھنىڭ ۋەكىلى. ئىلكىدىكى ئىشلاردىن ئالالاھقا ھېساپ بېرىدۇ. كىشى ئىگىدارچىلىقىدىكى مالغا قانۇندا بەلگىلەنگەن چەك -چېگرا دائىرىسىدە ئىگە بولالايدۇ. تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىگىدارچىلىقتىن بەكرەك قولىدىكى مالنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام مالنىڭ چىقىم قىلىنىشى ھەققىدىمۇ بەزى تۈزۈملەرنى تۈرغۇزىدۇ. ئىخۋانۇلمۇسلىمىن تەشكىلاتى ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا زاكاتنىڭ رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا زاكات تەئەببۇدى ۋە ئىجتىمائىي بىر مەسئۇلىيەتتۇر.[31]

ئىسلام قانۇنى تولۇق يولغا قويۇلغان بىر دۆلەتتە، شەخسىينىڭ بىر يۈرۈش ھەق ۋە ئەركىنلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىخۋانلارغا نىسبەتەن، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەڭ ۋە ئىرق ئايرىمچىلىقى بولمايدۇ، مۇسۇلمان ۋە زىممىيلەر ئوخشاش ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا زىممىيلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادەت، پىكىر، سۆز، تەلىم -تەربىيە ۋە مال -مۈلۈك ھوقۇقى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. پۈتۈن بۇ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئىچىگە كىرىدۇ.

(30) سەييىد قۇتۇپ،ئەل ئادەلەتۇلئىجتىمائىييە فىل ئىسلام، 32 - بەت.

(31) يۇقۇرىدىكى ئەسەر، 90 - 114 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىخۋان تەشكىلاتى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە غايىسىگە باغلىق ھالدا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرىشىشكە تېگىشلىك ئىشلارمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ھەسەنۇلبەنناغا نىسبەتەن ئىمپېرىيالىزمغا قارشى جىھاد قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدە پەرز. بەننا جىھاد ھەققىدە ئۈزۈن ئىزاھاتلار بەرگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى سىستېملاشتۇرمىغان. بەننا باشتا قوراللىق ھەركەتكە قارشى تۇرغان. لېكىن ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىخۋانۇلمۇسلىمىن تەشكىلاتى ۋە تەشكىلات مەنسۇپلىرى بىلەن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان سىياسەتچىلەر ئوتتۇرۇسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۆپىيىشى، خۇسۇسەن 1954 - يىلىدىن ئېتىبارەن جامال ئابدۇنناسىر سىياستى تەرىپىدىن خىلمۇخىل ئۇسۇللاردىكى قىيىن -قىستاقلارغا ئۇچرىغاندىن كېيىن جىھاد چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كەڭ ساھەگە يايغانلىقى ۋە پىكىرلىرىدە تېخىمۇ رادىكاللاشقانلىقى كۆرۈلمەكتە.

ھەسەنۇلبەننا بىلەن سەييىد قۇتۇپنىڭ ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ تەسىرىدە پىكىرلىرىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇتتۇر. بەننانىڭ نوتۇقلىرىدا جاھىلىييە ياكى دارۇلھەرب ئۇقۇملىرى ئۇچرىمايدۇ. سەييىد قۇتۇپ بولسا، ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان تۈزۈمنى جاھىلىيەت تۈزۈمى دەپ قارىماقتا ۋە ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. سەييىد قۇتۇپنىڭ پىكىرلىرى ئادەتتە ئىخۋانۇلمۇسلىمىننىڭ ئاساسلىق پىكرى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ 1960 - يىللاردىكى ئىخۋان ھەركىتىنىڭ يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ۋە كېيىن مىسىردا تېخىمۇ رادىكال تەشكىلاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى بىر ھەقىقەت.

ئىخۋان تەشكىلاتى 1970 - يىللاردىن كېيىن ھەسەنۇلبەننانىڭ يولىدىن يۈرۈپ، مەۋجۇد تۈزۈملەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش پوزىتسىيەسى شەكىللەندۈرگەن. باشقىلارنى كاپىرلىق بىلەن ئەيىپلەيدىغان (تكفير) پوزىتسىيەسىدىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشقانلىقى مەلۇم. شۇنداقلا ھەرخىل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىش -ھەركەتلەردىن ۋە رەھبەرلەرگە قارشى جىھادقا چاقىرىشتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.(32)

(32) يۇسۇف قەرداۋىي، تەربىيەتۇل ئىسلام، 86 - بەت.

## 4 - مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە سەلەپىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

يېقىنقى زاماندىن بېرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بىلەن سەلەپىي ئىسلام ئېقىمىنىڭ تازا چىقىشالمايۋاتقانلىقى ئوپ - ئوچۇق ئاشكارا بولماقتا. بولۇپمۇ 2011 - يىلى 1 - ئايدا باشلانغان مىسىر خەلق قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە 2012 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى تەرەپدارى بىرسىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى، يېڭى دەۋردە سەلەپىي – ئىخۋان زىددىيىتىنى يۇقۇرى پەللىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ يەردە مەسىلىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشىگە بىر نەزەر سالىدىغان بولساق بەزى مۇھىم ۋەقەلەرگە شاھىت بولالايمىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىللىرىدا سەئۇدىي ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى، تەشكىلاتنىڭ ئاساسچىسى بولغان ھەسەنۇل بەنناغا قارشى مۇسپەت پوزىتسىيەدە بولغان. ھەتتا ئۇنى ئەرەبىستاندا بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن ئاللاقانداقتۇر سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلىيلەشمىگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مىسىردا ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ بايراقدارى جامال ئابدۇنناسىر ھۆكۈمەت بېشىدا ئولتۇرغان مەزگىللەدە سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي قالغان. ئەينى ۋاقىتتا سەئۇدىي ئەرەبىستان ئابدۇنناسىرغا قارشى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنى ماددى جەھەتتىن قوللىغان. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەكتەپلەردە تەلىم ئېلىشىغا ياردەم بەرگەن. ئەسلىدە سەئۇدى ئەرەبىستان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دىنىي مەسىلىلەردە كەڭ قورساق بولۇش پوزىتسىيەسى ۋە ھەسەنۇل بەننانىڭ سوپىزىمغا يېقىن تۇرۇشى سەئۇدى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك ئەندىشىلىرىنى قوزغاپ قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكىمىزدەك ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان ئالاقە ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم رولى بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئابدۇنناسىر دەۋرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى قوللىشىنىڭ ئارقىسىدا مانا مۇشۇنداق بىر سەۋەپنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا مىسىر ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى تەللال بىن ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان «ھۆر شاھزادىلەر ھەرىكىتى»نى قوللىغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرىقى قېتىم مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى تەرەپدارلىرىنىڭ كۆچىيىپ

www.uyghurkitap.com



كېتىشى خەلقئارا سەھنىدە داۋاملىق ئىسرائىلىيە تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىق تۈزۈمى ئۈچۈن بىر تەھدىت ئىدى.[33] يەنە مۇھىم بىر مەسىلە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىنگلىزلارنىڭ مۇھىم رولى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت، ئىنگلىزلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىش قىلىدىغان ھېچقانداق پائالىيەتنى قوللىمايدۇ. ئەرەبىساندا ياشايدىغان مەلۇم شەخس ياكى كۈچلەرنىڭ ئاستىرتتىن قىلغان ياردەملىرى دۆلەت سىياسىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئىخۋان ھەركىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىسىق قانىتى ئاستىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سەلەپىي ھەركەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن بەزىلىرى ھېساپلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان جەڭلەردە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، سىياسىي مۇرەسسە جەھەتتە ئاساسەن مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن. بىر مۇسۇلمان پىرقە يەنە بىر مۇسۇلمان پىرقىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا ھاكىم بولۇش ئارزۇسى بىلەن دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، باشقا دىندىكى پىرقەلەردىن ياردەم سوراشتىن تەپ تارتمىغان. ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ مىڭلارچە مۇسۇلماننىڭ قېنىغا زامىن بولغان. ئۆزىنىڭ دىن قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈش ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياتلاشتۇرۇش تارىخنىڭ بەتلىرىدىن بىر قارا سەھىپە سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. ئۆتمۈشتە ھەر خىل ئىسىم ۋە شۇئارلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇسۇلمانلار جوغراپىيەسىدە باشقا ئەللەرنىڭ يىلتىز تارتىشىغا خىزمەت قىلغان «مۇسۇلمان» پىرقەلەر مەۋجۇت بولغان بولسا، زامانىمىزدىمۇ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بىر ھەرىكەتكە ئوخشاش پىكىر بىلەن مەيدانغا چىقىپ، پەردە ئارقىسىدىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئوچېقىغا ئوت يېقىۋاتقان كىشى ۋە ھەرىكەتلەر مەۋجۇتتۇر. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رىئاللىق بەكمۇ ئېچىنىشلىق. مىرسىردا دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا

(33) سەمىر يورۇلماز، «سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارمۇناسىۋىتى ئۈستىدە بىر مۇلاھىزە»، ئوتتۇرا شەرق ژۇرنىلى، 2016 - يىلى 1 - ئاي، 72 - سان، 67 68- - بەت.

قىلىدىغان ئىككى ھەرىكەتنىڭ ھالقىلىق پەيتتە بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيا تارىخىدا بەك ئاز نېسىپ بولىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى ئەپۇ قىلغىلى بولىدىغان بىر خاتالىق ئەمەس.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا، ئىسمى قويۇلمىغان بىر ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە تۇرماقتا. چوڭ دۆلەتلەر بىر - بىرىگە قارشى ئىقتىسادى مەنپەئەتلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا توقۇنۇشلارنى ياراتماقتا. ئۇرۇش قۇرالى سۈپىتىدە تېخنىكا ۋە مېدىيانىڭ رولىدىن ئاكتىپ پايدىلانماقتا. بۇلارنىڭ ئىقتىساد دېگىنى «قارا ئالتۇن» دەپ ئاتىلىدىغان نېفت مەنبەلىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوتتۇرا شەرق ۋە تۈركىستان رايۇنىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرى ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر بەلۋاغ. ئوتتۇرا شەرقتە بولسا ئىسرائىلنى ھېساپقا ئالمىغاندا ھەممىسى ئەرەپ ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇش بىللەن بىرگە ئوخشاش بولمىغان دىنى مەزھەپلەردىكى ئىنسانلار ياشايدۇ. تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا بولسا، ھەممىسى تۈركىي مىللەتلەر بولسىمۇ، ئۆتكەن يۈز يىلنىڭ بېشىدا غەرپتە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان «مىللەت»لەرگە مەنسۇپ خەلقلەر مەۋجۇت. بۇ خىل ئىجتىمائى رېئاللىق يەرلىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئانچە مۇھىم مەسىلە بولمىسىمۇ، غەرپ ياكى باشقا مۇستەملىكچى ئەللەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق قۇرال. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىدىكى دۆلەتلىرىدىن مىڭلاپ قۇراللىق ئەسكەر يۆتكىمىسىمۇ بولىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى دىنى مەزھەپلەر بىر - بىرى بىلەن قانچىلىق چوڭقۇر توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇرسا غەرپ ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى شۇنچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. تۈكىستاندا باشقىلار تەرىپىدىن بەلگۈلەپ بېرىلگەن سۈنئىي چېگرالار ۋە ئويدۇرما «مىللەت»لەر ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىشنى داۋاملاشتۇرغانسېرى يەرلىك خەلق «ئالتۇن تاۋاقلىق تىلەمچى»لەر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ■

www.uyghurkitap.com

ئادىل يۈسۈپ

# توقۇنۇش نەزەرىيەسى

## كىرىش

تېئولوگىيەنىڭ سېكولارلاشقان شەكلى ھېسابلىنىدىغان، زامانىۋى دۇنيانىڭ مەھسۇلاتى بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە (بەدرىگەنجەر) تەتقىقات دائىرىسى، مېتودلىرى، قوبۇل قىلغان ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى، تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ۋە تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان غوللۇق نەزەرىيەلەردىن بىرسى بولغان توقۇنۇش نەزەرىيەسى ھازىرقى زامان پەن ساھەسىدىكى ئورنىغا كېلىپ بولغۇچە نۇرغۇن باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈردى. جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقە-ھادىسىلەرنى، ئۆزگىرىشلەرنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنى توقۇنۇش، مەنپەئەت، كۈچ قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن، شۇنداقلا جەمئىيەتنى ئوخشىمىغان قاتلام، تەبىقە، ئېتنىك ۋە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكلەرنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ ئانالىز قىلىدىغان بۇ نەزەرىيەنىڭ ھازىرقىدەك سەۋىيەگە كېلىپ بولۇشىغا نۇرغۇن ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەچىلىرى ھەسسە قوشتى، بىراق بىز بۇ نەزەرىيەچىلەر ئىچىدە ھازىرمۇ تەسىرى بولغان 20 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن رالف داخرېندروفنىڭ توقۇنۇش نەزەرىيەسىنى ماقالىمىزدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىككى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرنىڭ توقۇنۇشقا تولغان زامانىۋى دۇنيا نىڭ »روھىي« بىلەن زامانىۋى دۇنيانىڭ مەھسۇلاتلىرى بولغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمىلەر،شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ ماھىيىتىدە ياتىدىغان توقۇنۇشلارنى ۋە بۇلارنىڭ دۇنياغا، جەمئىيەتكە، بولۇپمۇ ئىنسانغا ئېلىپ كەلگەن زىيانلىرى توغرىلىق يازغانلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىمىز.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: توقۇنۇش نەزەرىيەسى، مەرتىۋە، ئىجتىمائىي ئورۇن، كۈچ

## 1 - توقۇنۇش: مەنىسى ۋە نەزەرىيەسى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھېسسىيات، ئىدىيە ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردە مەيدانغا

كەلگەن پسىخكىلىق ۋە ئىجتىمائىي توسالغۇلارغا ئۇچراش ھالىتى بىلەن ئىزاھلىنىپ كەلگەن توقۇنۇش ئۇقۇمى ئوخشىمىغان مەقسەت ۋە ئارزۇ - تەلەپلەرنىڭ زىتلىقلار ئىچىدە توقۇنۇشنى بىلدۈردۇ. مۇرەسسەنىڭ، باراۋەرلىكنىڭ، ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە ھەمكارلىقنىڭ زىتى، رىقابەتنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، مۇئەييەن ئەھۋاللاردا تەبىئىي نەتىجە ۋە ئۆزگىرىشنىڭ موتورى ياكى قوزغاتقۇچى كۈچى ھېسابلىنىدىغان توقۇنۇش ھادىسىسى، ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىدا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسىي سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

توقۇنۇش نەزەرىيەسى جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخىي جەريانىدا توقۇنۇش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭمۇ بۇ توقۇنۇشنىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى ياقلايدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىنىڭ قارىشىچە، توقۇنۇش ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە مىزاننىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلەش رولىغا ئىگە. ئورگانىك، قۇرۇلمىچى ۋە فۇنكسىئونالىزم نەزەرىيەلىرىنىڭ ئەكسىچە، توقۇنۇش نەزەرىيەسى جەمئىيەتنى ماددىي بايلىقلار ۋە كۈچ ئۈچۈن توقۇنۇشقان تەرەپلەرنىڭ سىستېمىسى سۈپىتىدە كۆرىدۇ (كىزىلچەلىك، 1994 : 263، نەقىل قىلغۇچى ئىبراھىم ماۋى).

جەمئىيەت، جامائەت، دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە توقۇنۇشنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بۇرۇنقى مۇتەپەككۇرلار ئوخشىمىغان كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان بىلىم نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق نەزەرىيەلەر 19 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان. توقۇنۇش نەزەرىيەسى توغرىسىدا ماركس، ماكېس ۋېبېر، جورج سىممېل قاتارلىق كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلار سىستېمىلىق نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى دەۋردىكى غەرب جەمئىيىتىنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەمئىيەت، بولۇپمۇ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن توقۇنۇش نەزەرىيەسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كىلاسسىك نەزەرىيەچىلەرنىڭ نەزەرىيەلەرگە تەنقىدىي نۇقتىدىن قاراپ ئۆزلىرىنىڭ توقۇنۇش نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. توقۇنۇش نەزەرىيەسى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلەردە كارل ماركسنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپىگە تايىنىدۇ.

ئاغزاكى ۋە جىسمانىي شەكىللىرى بولغان توقۇنۇش ھادىسىسى (ئارسلانتۈرك-ئامان، 2000 : 364 - 365 نەقىل قىلغۇچى: ھالىل ئايدىنئالپ) نەزەرىيەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەھەتتىن ئىنسان ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ پرىنسىپقا تايىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئىنسانلار ئارزۇ قىلىدىغان، ئېرىشمەكچى بولغان، بىراق جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بولغان مەنپەئەت خاھىشىدۇر. ئىككىنچىسى، ئاز تېپىلىدىغان ۋە ئادىل تەقسىم قىلىنمىغان، توقۇنۇشنىڭ مەنبەسى بولۇش بىرگە مەجبۇرلاش ۋە مۇقەررەرلىك خۇسۇسىيىتىمۇ بولغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدىغان كۈچ. ئۈچىنچىسى، ئىدىيە، چۈشەنچە، ئىدېئولوگىيە ، قىممەت - قاراشلىرى، قائىدە-نىزام قاتارلىقلار جەمئىيەتنىڭ كىملىك ۋە نىشانلىرىنى بەلگىلەيدىغان ۋاستىلار بولۇشتىن بەكرەك ئوخشىمىغان گۇرۇھ ۋە توپلۇقلارنىڭ مەقسەت-نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان قورال سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ (ۋاللېس، 2004 : 82).

1950 - يىللاردىن كېيىن ئىجتىمائىي پۈتۈنلىششنى تەكتلەپ ئىجتىمائىي توقۇنۇشنى نىزامسىزلىق، ھەتتا كېسەللىك سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلگەن فۇنكسىئونالىزمچى ۋە قۇرۇلمىلىق فۇنكسىئونالىزم نەزەرىيەسىگە قارشى ئىنكاس سۈپىتىدە ماركسىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىسى «توقۇنۇش نەزەرىيەسى» دائىرىسىدە قايتىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈلىدۇ. فۇنكسىئونالىزمچى ۋە قۇرۇلمىلىق فۇنكسىئونالىزم نەزەرىيەسىنىڭ گېئورگىي سىممېل (1858 – 1918)، لېۋىس كوزېر (1913 - 2003)، رالف داخرېندورف (1929 - 2009) ۋە پىئىر بوردىيو (1930 - 2002) غا ئوخشاش جەمئىيەتشۇناسلار ئىنسان توپلۇقلىرى ئىچىدىكى مەنپەئەت، قىممەت-قاراش ۋە مەقسەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ، بۇ نەزەرىيەلەرگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە توقۇنۇش ھادىسىسىنى قايتىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىدۇ (نەقىل قىلغان: ھالىل ئايدىنئالىپ).

توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىدىن سىممېل توقۇنۇشقان شەخس ۋە توپلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكلىگە مەركەزلىشىدۇ. ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە دوست توپلۇقلار بىلەن ئوخشىمىغان مەنپەئەتلەرنى ئىگە رەقىب توپلۇقلارنى بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىشنىڭ تەسلىكىنى ئېيتقان سىممېل، بىر-بىرلىرى بىلەن بەزىدە كېسىشىپ قالىدىغان، بىراق توقۇنۇشقۇچىلار بىلەن توقۇنۇشمىغانلار ئوخشاش بىر گۇرۇھ ياكى توپلۇقنىڭ ئەزاسى بولغان بىر پۈتۈنلەشكەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما

ئۇستىدە ئانالىز ئېلىپ باردۇ. توقۇنۇشنى ئىزچىل شەكىللىنىش جەريانى سۈپىتىدە كۆرىدىغان كىلاسسىك نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئەكسىچە، «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ دائىم گارمونىك ۋە توقۇنۇش، سۆيگۈ ۋە نەپرەت» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئۆزئارا بېقىندىلىقنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىلىرىنىڭ توقۇنۇش مۇساپىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان سىمبېل كېيىنكى دەۋرلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە مۇھىم ئېقىم سۈپىتىدە باش كۆتۈرگەن چىكاگو ئېقىمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ (ۋاللېس-ۋولف، 2004: -91)

سىمبېلنىڭ پىكىرلىرىنى رەتلەپ چىقىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان كوزېر توقۇنۇشنىڭ مۇھىم بولۇش بىرگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىلا ئىكەنلىكىنى، مۇرەسسەگە ئوخشاش مۇھىم ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. توقۇنۇشنىڭ ئىجتىمائىي پۇتۇنلۇكنى قوغداشتىكى روللىرى ئۇستىدە توختالغان كوزېر، تاشقى توقۇنۇشنىڭ «جامائەت، توپلۇق ئېڭىنى ۋە توپلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىش تۇيغۇسىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغانلىقىنى، بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى توپلۇقلار ئوتتۇرىسىغا پاسىللار قويىدىغانلىقىنى ۋە تۈزۈم ئىچىدە توپلۇقنىڭ كىملىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى» دەيدۇ. توقۇنۇشنىڭ پۈتۈنلەي گۇمراھلىق بىلەن ئاخىرلاشمىغان تەقدىردە، فۇنكسىيەلىك ۋە كېرەكلىك ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان كوزېرنىڭ قارىشىچە، توقۇنۇش ئىنسانلارغا «مەنپىي پايدىلىنىش ماتېرىيالى» تەۋسىيە قىلىپ، كىملىكلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، نەپرەت، ھەسەتخورلۇق ئارزۇ-ئىستەكلەرگە ئوخشاش پسىخىكىلىق ئامىللار توقۇنۇشنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن توقۇنۇشنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىجتىمائىي ۋە پسىخىكىلىق ئامىللار كۈچلەر تەكپۇكلۇقنىڭ بەرپا بولۇشىدىمۇ بەلگىلەش رولىغا ئىگە. گۇرۇھ ياكى توپلۇق ئىچىدىكى توقۇنۇش ۋە گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار ئۇستىدە توختالغان كوزېر جەمئىيەتلەرنى لىبېرال جەمئىيەت، مۇستەبىت جەمئىيەت ۋە ھاكىمۇتلەق جەمئىيەت دېگەن كاتېگورىيەگە ئايرىپ چىقىدۇ. دۆلەت، شەخس ۋە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بۇ ئۈچ خىل جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2 ـ داخرېندورفنىڭ نەزەرىيىدىكى توقۇنۇش

كۆچ ۋە زىت قۇتۇپتىكى كۆچ ئۇنسۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ «ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان سىركىلىش مەنبەسى» بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن داخرېندورف كۆچ، ھوقۇق، ھاكىمىيەت ۋە توقۇنۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدە-پرىنسىپ ياكى نىزاملارنى ئىجتىمائىي پۈتۈنلىشىش ھادىسىسى بىلەن ئىزاھلاپ بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پەقەت كۆچنى چاڭگىلىدا تۇتقۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىرى دائىرىسىدە ئىزاھلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ كۆچ تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلۈپ قوغدىلىدىغانلىقىنى ياقلايدىغان داخرېندورفنىڭ قارىشىچە، سىنىپ ئۇقۇمى ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە تارقىلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن توقۇنۇش ئىچىدىكى توپلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.

توقۇنۇشنىڭ نوقۇل ئىقتىسادىي سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىلا مەيدانغا كەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بوردىيو بولسا سىنىپ ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا ساھە ياكى مەيدان ئۇقۇمىنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

داخرېندورف توقۇنۇش ھادىسىسى توغرىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدا ئاساسەن ئىككى ساھەگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىرىنچىسى، ئۇ ئۆزى «جەمئىيەت نەزەرىيەلىرى« دەپ ئاتىغان، ئىجتىمائىي ئانالىزلىرىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. داخرېندورف كۆچنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە نەتىجىسى بولغان توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىككىنچىسى، ئاكتىپ توقۇنۇشنى پەيدا قىلغان ئامىللار بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۆزئارا توقۇنۇشىدىغان توپلۇقلار ۋە گۇرۇھلارنى قانداق شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئوخشاش توپلۇق ۋە گۇرۇھلارنىڭ تەشكىللىنىش ۋە ئاكتىپ بولۇشىغا زېمىن تەييارلاپ بېرىدىغان شەرت-شارائىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 2 ـ 1 ـ كۆچ، توقۇنۇش ۋە ئىجتىمائىي ئانالىز شەكلى

داخرېندورفنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتە توقۇنۇش خاھىشى مەۋجۇت، مەيلى كۆچلۈك ئىجتىمائىي توپلۇقلار (گۇرۇھلار( بولسۇن مەيلى ئاجىز توپلۇقلار بولسۇن ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى بىر-بىرىدىن تامامەن پەرقلىقتۇر، ھامان بىر كۈنى كۆچ ۋە ئۇنىڭ زىتى

ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەت بۇزۇلۇپ جەمئىيەت ئۆزگىرىدۇ. ئاقىۋەت توقۇنۇش »ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ زور قوزغاتقۇچى كۈچىگە« ئايلىنىدۇ.

داخرېندورفنىڭ جەمئىيەت نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاملى كۈچنىڭ تارقىلىش شەكلىدۇر. ئۇ كۈچنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى قارشىلىقلارنىڭ ئەكسىچە ئىككىنچى بىر شەخسكە قوبۇل قىلدۇرۇشى ئەمەلىيەتتە  شۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، مەرتىۋىسى ۋە ھوقۇقى سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئېلىدا خىتايلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ھوقۇقنىڭ ھامىيسى بولغان ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇشىدۇر.

بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن توقۇنۇش نەزەرىيەلىرىدە ئورتاق بولغان كۈچ قارىشى فۇنكسىئونالىزم نەزەرىيەسىدىكى كۈچ قارىشىدىن پەرقلىقتۇر. قۇرۇلمىلىق فۇنكسىئونالىزم نەزەرىيەچىلىرىدىن ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونس كۈچنىڭ نىشانغا يېتىشنىڭ «فۇنكسيەلىك رولىنى« ئورۇندايدىغان سىياسىي ئورگان ۋە ئاپپاراتلارغا مەركەزلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىر ئىنسانغا ئۆزگە بىر ئىنسانغا زىيان بېرىش بەدىلىگە خالىغىنىغا ئېرىشىش ھوقۇقى بېرىدىغان كۈچنى ئىككىلەمچى ھادىسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ. داخرېندورفنىڭ قارىشى بۇنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، چوڭ ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈچ شەرتتۇر. بەزىدە مۇداپىئە ئۇرۇشىدا بولغىنىدەك، كۈچنى ئىلكىدە تۇتقۇچىلار بىر گۇرۇھ ياكى توپلۇقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ. بۇ يەردە، داخرېندورف كۆزدە تۇتقان كۈچنى پارسونس ئىككىلەمچى كۈچ دەپ قارايدۇ. كۈچلۈكلەرگە نىسبەتەن بۇ كۈچ گۇرۇھ ياكى توپلۇق تەرىپىدىن «ئورتاق ئىرادە» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېرىلمىگەن. بۇ گۇرۇھ ياكى توپلۇق كۈچنى قولغا چۈشۈرۈپ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

داخرېندورف كۈچ توقۇنۇشنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىلەرنى نەزەرگە ئالماستىن خالىغنى قىلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ. داخرېندورف غەربنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە ئىلمىي لېكسيە بەرگەن ۋاقىتىدا، جەمئىيەتلەرگە بۇ جەھەتتىن ئاز تولا ئەركىنلىك (سەلبىي ئەركىنلىك( بېرىدىغان ئامىللار ئۈستىدە توختىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داخىرېندورف كۈچنىڭ مۇقەررەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. مەسىلەن، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە پسىخىكىلىق بولۇپ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە چەكلىمىلەرگە، بېسىملارغا ۋە مەھرۇملۇقلارغا دۇچ كېلىشى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقنى، كۈچنى، ئىمتىيازنى ۋە بايلىقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. يەنى ھوقۇق، كۈچ، ئىمتىياز ۋە بايلىق خىتايلارنىڭ چاڭگىلىدا بولمىغان بولسا، ئۇيغۇرلار بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، خىتاينىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خىتاينىڭ قۇدرىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تىراگېدىيەسىدۇر.

باشقا توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىگە ئوخشاش داخىرېندورف ئىجتىمائىي قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ ئىجتىمائىي پۈتۈنلۈكنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ياكى ئىجتىمائىي پۈتۈنلۈكتىن تۇغۇلمايدىغانلىقىنى دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە،ئىجتىمائىي قائىدە-پرىنسىپلار فۇنكسىئونالىزمچى نەزەرىيەچىلىرى دېگەندەك ئەمەس بەلكى «كۈچ» تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ ۋە كۈچنى ئىلكىدە تۇتقۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئاساس قىلىنىپ شەرھىيلىنىدۇ. كۈچنى ئىلكىدە تۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي قائىدە-پرىنسىپلاردىن ئېمبارگو ياكى جازا سۈپىتىدە پايدىلىنىشى بۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

داخىرېندورف مۇنۇ ئىككى ھادىسىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ: بىرىنچىسى، مەرتىۋىلەر ۋە كەسىپلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئوخشاش ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، پەرقلىق ئىشلار بىر-بىرلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرى ياكى تېخىمۇ تۆۋەن دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ: «ھەم مەرتىۋىلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى، ھەمدە شان-شۆھرەت ۋە بايلىققا تايانغان ۋە ئىجتىمائىي ئورۇننى دەرىجىگە ئايرىشنى كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ.» مەسىلەن، ئىنستىتۇت مۇدىرىنى ئاپتوبۇس شوپۇرلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈن قىلغان ئىجتىمائىي تەبىقىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدۇر.

داخىرېندورفنىڭ قارىشىچە، تەبىقىلىشىشكە بەزى نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىنغان، يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىنمايدىغان دېگەن كاتېگورىيەگە ئايرىيدىغان ئىجتىمائىي قائىدە-پرىنسىپلار سەۋەب بولىدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ياكى

توپلۇقتا شەخسلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي قائىدە-پىرىنسىپلار ۋە بۇلارغا رىئايە قىلمىغانلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ چەتكە قېقىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر جەمئىيەتتە مەلۇم ئالاھىدىلىكلەرنى ياخشى دەپ شەرھىيلەپ، بۇلارغا رىئايە قىلمىغانلار ياكى قىلالمىغانلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى مەزمۇن قىلغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي قائىدە- مىزانلار بار. داخرېندورف بۇ ئىجتىمائىي قائىدە- مىزانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىشنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كۈچتىن ئوزۇق ئالىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈش شەكلى ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىش ھادىسىسىنى جەمئىيەتنىڭ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى مۇھىم ئورۇن ۋە مەرتىۋىلەرگە ئېلىپ چىقىش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان فۇنكسىئونالىزمچى نەزەرىيەچىلىرىدىن روشەن پەرقلىقتۇر. بىراق داخرېندورفنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى خىل قاراش بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدۇ ئەمەس. داخرېندورف دەسلەپ بىر توپلۇق ياكى گۇرۇھنىڭ قانداق قىلىپ كۈچكە ئېرىشكەنلىكىنى شەرھىيلىمەيدۇ، لېكىن بۇ قىسمەن بولسىمۇ بەزى قابىلىيەت ۋە ئىجتىمائىي نىزامغا تايىنىدۇ. فۇنكسىئونالىزمچى نەزەرىيەچىلەر كۈچ بىلەن ئىجتىمائىي مىزان ۋە قىممەت قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش كىرىملەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ قابىلىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىقتىسادىي قاراش، مۇۋەپپەقىيەتنى ئاز ئۇچرايدىغان خىزمەتلەرنى يارىتىشقا باغلايدىغان ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىش نەزەرىيەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ يول ئارقىلىق كۈچكە ئېرىشكەن بىر گۇرۇھ ياكى توپلۇق، بۇ ئەھۋالنى قوغداشقا ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا، ھەممە ئادەمنى ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ۋە ئەھمىيىتىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، باشقا گۇرۇھ ياكى توپلۇقلاردىن كېلىدىغان رىقابەتكە توسالغۇ بولىدۇ. داخرېندورفنىڭ قارىشى بۇ جەرياننى شەرھىيلەش ئۈچۈن فۇنكسىئونالىزمغا قارىغاندا مۇۋاپىقتۇر.

### 2 ـ 2 ـ توقۇنۇشنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار

داخرېندورف تەڭسىزلىكلەر ۋە توقۇنۇش ئىچىدىكى مەنپەئەتلەرنىڭ قاچان توقۇنۇشىدىغانلىقى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھوقۇق ۋە مەنسەپلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان گۇرۇھ ياكى توپلۇقلار ئارىسىدا سىستېمىلىق ۋە قەرەللىك ھالدا ئىجتىمائىي توقۇنۇشلار چىقىدۇ. داخرېندورفنىڭ قارىشىچە،

www.uyghurkitap.com



ھوقۇق-مەنسەپ ياكى ھاكىمىيەت ئىجتىمائىي مىزانلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋە چەكلىنىدىغان، شۇنداقلا بۇ پاسىل ۋە چەكلىمىلەر ئىچىدە جازا ۋە ئېمبارگولار بىلەن قوۋۋەتلەندۈرۈلىدىغان رەسمىي ئىجتىمائىي رول ياكى مەرتىۋىگە تايانغان كۈچتۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئېلىدا ھوقۇق ۋە مەنسەپلەرنى چاڭگىلىدا تۇتقان خىتاي خەلقى بىلەن ھوقۇق ۋە مەنسەپلەردىن تامامەن مەھرۇم ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان توقۇنۇشلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.خىتاي تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بارلىق قانۇنىي مىزانلار ۋە بەلگىلىمىلەر ئەمەلىيەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەڭ باي بىر ئۇيغۇر ياكى ئەڭ «مەنسەپ» لىك بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەق-ھوقۇق ۋە سىياسىي جەھەتتە ئەڭ نامرات بىر خىتايدىن تۆۋەن بولۇشى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

داخرېندورف، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە قايتىلىنىدىغان ئورگان ھوقۇقلىرىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ھوقۇق تۇتقۇچىلار بىلەن ھېچقانداق ھوقۇق مەنسىپى بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك ئىجتىمائىي توقۇنۇشنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ھوقۇق-مەنسەپنىڭ ئىككى تەرەپلىك ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەيدۇ: سىزنىڭ يا ھوقۇق-مەنسىپىڭىز بولىدۇ، ياكى پەقەتلا بولمايدۇ،مەنپەئەتلىرىڭىز بۇنىڭغا ئاساسەن شەكىللىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ كۈچلۈك «مەنپەئەت گۇرۇھلىرى ياكى توپلۇقلىرى» شەكىللەندۈ-رۈشنىڭ قۇرۇلمىلىق شەرتلىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پرىنسىپاللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. داخرېندورفنىڭ قارىشىچە، پرىنسىپ نۇقتىسىدىن، بىر گۇرۇھ ياكى توپلۇق ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر قۇرغۇچىغا ۋە بىر ئىمتىيازغا ياكى ئىدېئولوگىيەگە ئېھتىياجى بار. سىياسىي جەھەتتىن، بىر دۆلەت قانچىلىك لىبېرال يەنى ئەركىن بولسا، توقۇنۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشمۇ شۇنچىلىك ئاسانغا توختايدۇ، لېكىن بىر دۆلەت مۇستەبىت بولسا توقۇنۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشمۇ شۇنچىلىك تەسكە توختايدۇ. ئىجتىمائىي ئامىل تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ھەرىكەتكە ئۆتمەكچى بولغانلار جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن توپ ھالەتتە بولسا، بىر-بىرلىرى بىلەن ئاسان ئالاقە ئورنىتالىسا، شۇنداقلا ئوخشاش تەقدىرگە، ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولسا گۇرۇھ، توپلۇق ياكى جامائەت شەكىللىنىدۇ. پىسخىكىلىق ئامىلمۇ تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، كىشىلەرنى مەرتىۋىلىرىگە باغلىق بولغان مەنپەئەتلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىگە قويۇشى، شۇنداقلا بۇ مەنپەئەتلەرنىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قېلىشىدۇر. بىر ئىنساننىڭ كۆپ

تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشى ئۇ ئىنساننىڭ ھەرىكەت قابىلىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنى پاسسىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

داخراندورف توقۇنۇشنىڭ دەرىجىسىنى «ئىشلىتىلگەن قوراللار» نىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، توقۇنۇشچىنىڭ زىچلىقىنى «توقۇنۇشقان تەرەپلەرنىڭ قابىلىيىتى ۋە قاتنىشىش ئۆلچىمى» شەكىللەندۈرىدۇ.

داخراندېروفنىڭ توقۇنۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن: بارلىق مەجبۇرلاش ۋە زورلاشلار شۇنداقلا توقۇنۇشلار جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بۇ مودېلىنى قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەجبۇرىي ھالدا رەتكە سېلىنىدىغانلىقىنى، ھاكىمىيەت ۋە بويسۇنۇش ئارقىلىق مەلۇم قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنىدۇ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا ئۇچۇق ۋە يوشۇرۇن مەنپەئەتلەرنىڭ بارلىقىنى، يوشۇرۇن مەنپەئەتلەرنى بولسا تەشكىلىي ھالەتكە كېلەلمىگەن كىشىلەر ئۆزئارا بۆلۈشىدۇ. يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق مەنپەئەتلەر ئاساسىدا تەقسىملەنگەن مۇناسىۋەتلەر ھاكىمىيەت ياكى ھوقۇق قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدىكى قاراشلارغا ئاساسەن توقۇنۇش نەزەرىيەسىنى قىسقىچە مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن: «ئىجتىمائىي تەشكىللىنىشنىڭ ئاساسىدا ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ تەڭسىز تەقسىم قىلىنىشى سەۋەب بولغان قۇرۇلمىلىق زىددىيەت ۋە توقۇنۇش تۇپەيلى، بارلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورگان ۋە جەريانلارنىڭ، مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ، شۇ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ ياكى توپلۇقلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىش، مۇرەسسەلىشىش ياكى ياردەملىشىشى نەتىجىسىدە ئەمەس، تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان سەۋىيەلەردە قايتىلىنىپ تۇرىدىغان توقۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكىنى ياقلايدىغان نەزەرىيەدۇر.»

## 3 - بىرلىكمۇ توقۇنۇشمۇ؟

بىر تەشكىلات، بىر ئورگان، بىر جەمئىيەت ياكى بىر دۆلەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق،بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار ۋە سىستېمىلارنىڭ مۇۋازىنەت، ماسلىق، تەرتىپ، ھەمكارلىق ۋە گارمونىك ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز، چۈنكى بۇ قۇرۇلمىلار ۋە سىستېمىلارنى تەشكىل قىلغان قىسىملار ۋە تەركىبلەر ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئىچىدە ئومۇمىي قۇرۇلمىنىڭ مۇۋازىنىتى ۋە تەرتىپى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئورۇندايدۇ. بۇ خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، ئۈچەي، ئاشقازان ۋە مېڭە قاتارلىق بەدەن ئەزالىرىنىڭ بەدەنىنىڭ بىر پۈتۈن ھالدا ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەدەنىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاپ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىغا ئوخشايدۇ. مەسلەن، مەكتەپ، بىر ئاممىۋى تەشكىلات، ئىدارە-جەمئىيەتنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىغا قارىساق بۇنى بايقاش مۇمكىن. لېكىن مەسىلىگە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان بولساق، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەسىلىنى باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزەتسەك تەرتىپ، ماسلىق ۋە گارمونىك ئىچىدىكى بۇ قۇرۇلمىلار ۋە سىستېمىلاردا مۇۋازىنەت ياكى ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرلا ئەمەس زىددىيەتنىڭ، رىقابەتنىڭ ۋە توقۇنۇشنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقايمىز. چۈنكى بىر جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي قاتلاملار، تەبىقىلەر، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دۇنيا كۆز قارىشى پەرقلىق بولغان ئېتنىك توپلۇقلار ياشايدۇ،بەزىلەر ھوقۇق،ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق توقۇنۇشنى ۋە تەڭسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزى شەكىللەندۈرگەن جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەتتا چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە مەنپەئەتكە، شەخسىيەتچىلىككە، ئاچكۆزلۈككە، تىزگىنسىز ئارزۇ-ئىستەكلەرگە مايىل بولغاچقا توقۇنۇش مۇقەررەردۇر.

مەسىلەن، بىر تەشكىلاتنى كۆزىتىپ بېقىڭ، بىر تەشكىلاتتىكى تەشكىلات خادىملىرى بىلەن تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا رىقابەت، توقۇنۇش ۋە زىددىيەتنىڭ بارلىقىنى بايقاش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ، بەزىلىرى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلىسە، بەزىلىرى مەرتىۋىنى كۆزلەيدۇ، يەنە بەزىلىرى ئىجتىمائىي نوپۇزغا ئېرىشىشنى كۆزلەيدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تەشكىلاتنىڭ مەنپەئەتىگە باغلاپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئوخشاشلا، تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى تەشكىلىي ھەيئەتكە بىر ئىككى كىشىنىڭ يەنە ئەزا بولۇپ سايلىنىشىنى خالىماسلىقى مۇمكىن ياكى تەشكىلاتقا تېخىمۇ كۆپ ئەزا قوبۇل قىلىنىشىنى رەت قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار مەرتىۋىسىنى، ھوقۇقىنى ۋە رەھبەرلىك ھەيئىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئېرىشىدىغان مەنپەئەتنى قوغداپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق

ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەتتا تەشكىلاتنىڭ غايىسىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى ۋاستە قىلىشتىن يانماسلىقىمۇ مۇمكىن. تەشكىلاتنىڭ بېشىدىكىلەر بەزى تەشكىلات ئىچىدە توقۇنۇشنى ئۆزى پەيدا قىلىپ، ئۆزى بېسىقتۇرىدۇ. تەشكىلات خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ ۋاقتى كەلگەندە زىددىيەتنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. قىسقىسى، نوپۇزىنى، مەرتىۋىسىنى، كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماستىن بارلىق تاكتىكىلىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

## توقۇنۇشتۇر «روھى» زامانىۋىلىقنىڭ

ئەگەر ئەقلىنىڭ ئىزاھلاش كۈچى بولىدىغان بولسا، ئۇنىداقتا ئۇنىڭ بىر ئىسلاھات ياكى تەرتىپكە سېلىش لايىھەسىمۇ بولىدۇ، دېگەن گەپ. مەۋجۇدىيەتنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن بولغىنىدەك، جەمئىيەت ھاياتىنىمۇ قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشكە مۇمكىن. دەل بۇ نۇقتىدا غەرب بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك بىر پەرق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. غەربتە مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى بىر لايىھە ياكى يېڭى بىر تەرتىپ تەشەببۇس قىلىنىدۇ، بۇ ئەقلىي ياكى راتسىيونال بىر سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامدا بولسا، بىر سىستېما ياكى تەرتىپ ۋەياكى پرىنسىپتىن بەكرەك، شەخسنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر غەربلىكتىن «بىر مەسىلە چىقتى، بۇنى قانداق ھەل قىلىمىز» دەپ سوراپ قالساق، دەرھال بىر لايىھە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇنى بىر تەرتىپ ياكى سىستېما ۋەياكى پرىنسىپ ئىچىدە ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. غەربلىكلەر، لايىھە كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، لايىھەسىز ئىش قىلىشمايدۇ ياكى مەسىلىنى ھەل قىلىشمايدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلماندىن «بۇ ئەسكىلىكلەرنى قانداق تۈزەتسەم بولار؟» دەپ سوراپ قالسىڭىز، «ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلساڭ، دۇنيانىڭ ئۆڭشىلىشىغا ھەسسە قوشقان بولىسەن» دەيدۇ. ئەگەر ئىنسان ئىشنى ئۆزىدىن باشلىسا تەبىئىي ھالدا دۇنيانىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ھەسسە قوشقان بولىدۇ. بۇ بىر پرىنسىپ، ئىنتىزام ياكى لايىھە ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا توسالغۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت لايىھەدە بەلگىلەش رولىنى ئۆتىمەيدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ ھەرىكەت قىلىش نۇقتىسى لايىھە بولسا، يەنى مەقسەت پرىنسىپ ۋە ئىنتىزام بەرپا قىلىش بولسا، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگىگە ئۈلگە بولغان ھالدا يول كۆرسىتىش ۋە ئۆزگە بىلەن بىرلىكتە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتەك

www.uyghurkitap.com



بىر غەربىزى بولمايدۇ، دېگەن گەپ. بۇنىڭدىن غەرب كۈلتۈرىدە «شەخس» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىدەك بىر خۇلاسىگە كېلىمىز. چۈنكى مەسىلىلىرىنى ئىرادىسىدىن ھالقىغان لايىھە ئارقىلىق ھەل قىلالىغان ئىنسان ھېچقانداق ئەشيا ۋە نەرسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنالمايدۇ. كىم ئۇنىڭغا لايىھە بېكىتىپ بەرگەن بولسا ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قالىدۇ. كۈنىمىزدە لايىھەنىڭ بېشىدىكىلەر ياكى ئىگىلىرى بولسا مىللىي دۆلەت ئىچىدە تەشكىللاتلانغان ئاكادېمىكلار، ئىستىراتېگىيىچىلەر، مۇتەخەسسىلەر ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەردۇر. ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزىنى (نەپسىنى) ئۆزگەرتەلىگەن ئىنسان ھەققى مەنىدىكى ئىنسان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان بۇ خىلدىكى كىشىلىك ئوبرازىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە يالغۇز ئاللاھقا يۈزلەنگەن، قۇللۇق قىلالىغان باشقا ھەرقانداق كىشى ۋە نەرسە ئالدىدا ئەركىن ۋە مۇستەقىل بولغان بولىدۇ. يېقىنقى ئىككى ئەسىر ئىچىدە قۇرۇلغان ۋە كۈنىمىزدىمۇ دەۋر سۈرۈۋاتقان مودېرىن (زامانىۋى) دۇنياغا نەزەر سېلىپ بېقىڭ، ئىنسان ھەقىقەتەن ھۆر ۋە مۇستەقىل ياشاۋاتامدۇ، ياكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۈچلەر تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي قونچاقمۇ؟

مودېرنىلىق (زامانىۋىلىق) بىلەن بىرلىكتە بىر قاراش شەكىللەنگەن بولۇپ، ھاكىممۇتلەقچىلىك بۇنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە سەھنىگە چىقتى. بۇ قاراش ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان بولۇپ ئېقىم سۈپىتىدە ئالدى بىلەن مەۋجۇدىيەتنى پارچىلايدۇ ۋە ھەر بىر پارچىغا يەنى قىسمىغا ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاندىن بارلىق پارچىلار ئۈستىدە ھۆكۈمران كۈچ تۇرغۇزۇپ ئىدارە قىلىدۇ. ئاكادېمىك ئۇسۇلنىڭ يوشۇرۇن غەربىزى بۇدۇر. ئاكادېمىك تەتقىقاتلاردا تەتقىقات نەتىجىسى كۈچ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، ھېكمەت سۈپىتىدە كۆرۈلمەيدۇ. كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقماقچى بولساڭ ئىنگلىزلارغا ئوخشاش ئالدىدا پارچىلايسەن ئارقىدىن باشقۇرىسەن.

بىر پۈتۈنلۈك پارچىلانغاندا ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساس بولىدۇ، چۈنكى بىرلىك تۇيغۇسى ۋە ئىدىيەسى تامامەن يوقىلىپ بولغان بولىدۇ. بولۇپمۇ مودېرنىلىكنىڭ (زامانىۋىلىقنىڭ) مىراسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىمىزدىكى پوستمودېرنىزملىق دەۋردە ھەقىقەتنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن، بىرلىك ۋە بىر پۈتۈنلۈك تۇيغۇسىدىن ئەسىرمۇ قالمىدى. بۇ سەۋەبتىن يېقىنقى دەۋردە فاشىزم ۋە كوممۇنىزم قاتارلىق چوڭ تۈزۈملەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئويلاشمۇ مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. بۇ، مودېرن دۇنيانىڭ مالىمانچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى

ھەر پارچە بىر تەرەپتىن نىسپىلىشۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر پۈتۈنلۈكتىن، بىرلىكتىن ۋە باشقا پارچىلاردىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولماقتا. ھەر پارچە نىسپىيلەشكەنسېرى ئۆز ھاكىمىيىتىنىمۇ قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۆلەرنىڭ بۆلۈنگەن ۋە توقۇنۇش – رىقابەتچى ۋە دۈشمەن خاراكتېرىنى ئالغان سىستېمىسى، مالىمان دۇنيا ياكى مودېرنلىق تۈزۈم، دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مودېرن يەنى زامانىۋى جەمئىيەتلەردىكى نۇرغۇن ئۇنسۇرلار يالغان ۋە پارچىلاش خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پارچىلارنى مۇستەقىل ھالەتكە يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنساننى تېخىمۇ ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىردىن ئارتۇق ئورگان، بىلىم، خىزمەت، تۈزۈم، دۆلەتنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ بىردىن ئارتۇق مۇستەقىل ساھەسى ئىنسان كىشىلىكىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە بۆلەرنىڭ ھەر بىرى ئىنساندىن، يەنى ئويغىنىش ئېقىمى كۆككە كۆتۈرگەن ئىنساندىن پەرقلىق بىر رول ئويناشنى تەلەپ قىلىدۇ. 24 سائەت ئىچىدە ئىنسان، بەلكىم قانچە ئونلىغان كىملىككە ئېرىشىپ بۇنىڭغا ماس ھالدا رول ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بىر پۈتۈنلۈك ۋە بىرلىك تۇيغۇسى تامامەن ئۆلگەن بولىدۇ. نېرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكى بىلەن روھىي كېسەللىكنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى دەل بۇ يالغان ۋە بۆلۈش خاراكتېرگە ئىگە ئۇنسۇرلارنىڭ ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ ئىپادىسى، خالاس. (ئەلى بۇلاچ)

### توقۇنۇشقا تولغان «دۇنيا»

ئىنساننىڭ ئۆزىگە، ئەقلىگە، ئەركىنلىكىگە، يارىتىلىش قانۇنىيىتىگە، ئەركىن ئىرادىسىگە ياتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان زامانىۋى تىراگېدىيەلەرنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچىسى: ئىجتىمائىي تۈزۈملەر

ئىككىنچىسى: ئىدىيەۋى سىستېمىلار

ئوتتۇرىسىدا روشەن زىددىيەت باردەك كۆرۈنىدىغان ۋە ئىنساننى تامامەن قورشىۋالغان ياكى بۇنىڭغا مەجبۇرلايدىغان ئىككى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۈستۈن بىر مېتافىزىكىلىق مەخلۇق بولغان ئىنساننىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىش تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزم ھەر ئىككىلىسى شەكىل جەھەتتىن پەرقلىقتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كوررۇپسىيە، بىراق ھەر ئىككىلىسى ئىنسانغا «ئىقتىسادىي ھايۋان» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قايسىنىڭ بۇ ئىقتىسادىي ھايۋاننىڭ ئېھتىياجلىرىنى قايسى خىل شەكىلدە قامدىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىقتىسادىزم بېكوننىڭ تەبىرى بويىچە، «بىلىمنىڭ، ھەقىقەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۈچكە ئېرىلىپ كەتكەن سانائەتلەشكەن كاپىتالىست غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش پەلسەپىسىدۇر.» كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجلار ئىستېمال دائىرىسىنى سان، سۈپەت ۋە تۈر جەھەتتىن تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىپ بارماقتا. مۇشۇنداق بولغاندا، ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرىدىن قانچىلىك كۆپ نەرسە ئىشلەپچىقىرالىسا ئىنسانلار شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىستېمالغا چوقۇنىدىغان مەخلۇقلار ھالىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىنسانلارغا ھەر كۈنى ئاز-ئازدىن يۈك يۈكلىنىپ، ھەر نەرسىگە خۇمار بولىدىغان ئىستېمال «بەڭگىلىرى» گە ئۆزگەرتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىنساننى ئىشلەش ئادىتى ۋە «خۇمرى» دىن قۇتقۇزۇپ ئۈنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بىكار ۋاقىت يارىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك زامانىۋى ماشىنا ۋە تېخنولوگىيە مۆجىزىسىنىڭمۇ ئىنسانغا كۆپ نەرسىنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ھەر خىل ماددىي ئېھتىياجلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىكى سۈرئەت، ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيەسىنىڭ سۈرئىتىدىنمۇ تېز. ئىنسان مەجبۇرى تېڭىلغان ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇنداق مۇھىتتا تېخىمۇ مەھكۇم، تېخىمۇ بىچارە، ئۆزىگە تېخىمۇ ياتلىشىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنى، ئەخلاقىي گۈزەللىكلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە مۇقەددەس قابىلىيەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پۇرسەتكىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ، ھەتتا ماددىي ئىستېمال ئۈچۈن ئىشلەشكە ۋە ئىشلەش ئۈچۈن ئىستېمالغا بېرىلىپ كېتىشى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىشتا رىقابەتلىشىشى ئىنساننىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ھەرىكەت ئۆلچىمى، سوتسىيالىست جەمئىيەتتىمۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىغا ئوخشاش. كۆپلىگەن زىيالىيلار كاپىتالىست جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىست جەمئىيەت ئارىسىدىكى سىياسىي زىتلىق، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن سوتسىيالىست جەمئىيەتلەرنىڭ پسىخىكا، تۇرمۇش

پەلسەپىسى ۋە ھۇمانىزم نۇقتىسىدىن كاپىتالىست جەمئىيەتلەردىن پەرقلىق دەپ، قارايدۇ. بىراق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇئەييەن دەرىجىدە قولغا كەلتۈرگەن سوتسىيالىست جەمئىيەتلەر ئۆلچەم قىلىنغىنىدا، بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي يۆنىلىش، ئىجتىمائىي پسىخىكا، شەخس مەركەزلىك دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە كىشىلىك ھەق ھوقۇقلىرى نۇقتىسىدىن غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىنسانلىرى بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سوتسىيالىست جەمئىيەتلەردە ئىنتىپاقداشلىق تۈزۈمى، ئوتتۇرا سىنىپ بۇرژۇئازىيەسى ۋە لىبېرالىزم نامى ئاستىدا كۆنتەرتىپە كەلگەن نەرسە ۋە سىمۋوللار، غەربلىكلەر يۈزلەنگەن نەرسىلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق. يالغۇز شەخسىي ھاياتتىلا ئەمەس، دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدىمۇ ئومۇملاشقان مودا، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىش سوتسىيالىست ۋە كاپىتالىست جەمئىيەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ناھايەت تارىخ بازىرىغا ئوخشاش تۈردىكى ئىنساننى تەقدىم قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

دېموكراتىيە ۋە غەرب لىبېرالىزمى پىكىر نۇقتىسىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بىر روھ ۋە ئۇلجا مەيدانلىرىنىڭ تىز سۈرئەتتە كۆپىيىشى، ئىنساننىڭ ئىقتىسادىي نۇقتىدىن «ئىستېمالچى ھايۋان» ھالىتىگە ئېلىپ كېلىنىشى ئۈچۈن ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىنى نىشان قىلغان، مەنپەئەت قوغلىشىدىغان ماددىي كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن يارىتىپ بېرىلگەن ئەركىنلىك ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

سوتسىيالىزم دېگەن دۆلەت كاپىتالىزمى، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى دېگەن دۆلەت دېكتاتورلۇقى، بىر پارتىيە دېگەن پىكىر مۇستەبىتلىكى، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم دېگەن پىكرى خۇراپىيلىق ۋە ناھايەت سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش مولچىلىقىغا ئېرىشىش نامى ئاستىدا ئىقتىسادىزم ۋە ماشىنىلىشىش ئاساسىغا يۆنىلىش.... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا «مۇقەددەس ئەركىنلىك ۋە ياراتقۇچى ئىرادە» سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغان ۋە ئىنساننى ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچەملىرىدىن ئۇزاق ۋە زېرىكىشلىك تەشكىلات ئىچىدە ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ سۈپىتىدە شەكىللەندۈرۈلگەن قالدۇق پارچىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ دەل ئىنساننىڭ ئۆزىگە سىياسىي ۋە پىكرى جەھەتتىن ياتلىشىشىنىڭ ئىپادىسى.

زامانىۋى تىراگېدىيەلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرى ئىدېئولوگىيەلىك تىراگېدىيەلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رادىكال ھۇمانىزمچىلار بولۇپ زامانىۋى بىلىملەرگە تايىنىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن بارلىق يېڭى ئىدېئولوگىيەلەر، ئىنساننى ئۈستۈن مەخلۇق سۈپىتىدە كۆرمەيدۇ.

تارىخچىلىق تارىخنى ئۆز يۆنىلىشىدە تارىخىي ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەرلىك قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئىنسان ئىسمىلىك ئۇنسۇرلار يارىتىپ چىققان ماتېرىيالىست بىر مۇقەررەرچىلىك ئېقىمى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، تارىخچىلىق ئىنساننى يارامسىز دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىست مۇقەررەرچىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، دەپ ئىزاھلىنىپ كېلىۋاتقان بىئولوگىيەزم، ئىنساننى ھايۋان سۈپىتىدە كۆرىدۇ ۋە جانلىقنى تەدرىجىي تەرەققىيات زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى، دەپ قارايدۇ. تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەنىۋى ئىپادىلىرى خاراكتېرىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئەڭ «ئۈستۈن بىلىم» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان سوتسىيالىزم ، ئىنساننى ئىجتىمائىي مۇھىت ئېتىزلىقىدا يېتىشىپ چىققان ئۆسۈملۈك سۈپىتىدە كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ «ئۆسۈملۈكنىڭ» سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋاغا ئېھتىياجى بار. «ئۆسۈملۈكنىڭ» ئۆزگىرىشى ئىنساننىڭ كۈچىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئىنسانغا ۋە قۇرۇلمىسىغا ھۆكۈم قىلغان ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىزملارغا ئىنساننى ماددىي ئوبيېكتىپ، تەبىئىي جانلىق ياكى بىيولوگىيەلىك مەخلۇق سۈپىتىدە كۆرىدىغان ماتېرىيالىزم ۋە ناتۇرالىزمنىمۇ ئىلاۋە قىلساق، زامانىمىزدىكى ئىدىيەۋى تىراگېدىيەلەر بارلىققا كەلتۈرگەن بىر مەنزىرىگە دۇچ كېلىمىز.

كۈنىمىزدە ماركسىزمنىڭ تەسىرى بەكلا ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ماركس بىر تەرەپتىن ئىنساننى «ماددىي دۇنيانىڭ چەمبىرىكى ئىچىدىكى بىر ئۇنسۇر» ھېسابلايدىغان ماتېرىيالىست شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دارۋىننىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئېنگىلسقا يازغان بىر خېتىدە دارۋىننىڭ قارىشىنى ئۆزىنىڭ تارىخ پەلسەپىسىنىڭ بىيولوگىيەلىك ئاساسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقنى ئېيتىدۇ. ماركس رادىكال جەمئىيەتشۇناس بولۇپ، جەمئىيەتنى ھۇمانىزم ۋە ناتۇرالىزمدىن مۇستەقىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جەمئىيەتنى ئۈست قۇرۇلما ۋە ئاستى قۇرۇلما دەپ ئايرىيدۇ. ماركسنىڭ

قارىشچە، ئاستى قۇرۇلما ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولغان بولسا، ئۈست قۇرۇلما كۈلتۈر، ئەخلاق، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە ئىدېئولوگىيەدىن ئىبارەت. ماركس ئىنساننى بۇ ئۈنسۇرلارنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولغان بىر ئۈست قۇرۇلما سۈپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى «ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى» بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ئۈستۈنلۈكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى ئىنسان ئادەمنىڭ ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پەرزەنتىدۇر.

دىئالېكتىكىنىڭ ماتېرىيالىزمغا باغلىنىشى بىلەن بىرلىكتە، ئىنساننىڭ بېشىغا «بوھتان» تاجى كىيگۈزۈلۈپلا قالماستىن، «ماددىي قارارچىلىق» نىمۇ ئىنساننىڭ تارىخىي تەقدىرىگە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ پۈت-قولىغا سېلىنغان كىشەندىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ئىنساننى ئۆتمۈشتە خۇراپىي مەزھەپلەرنىڭ جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەرگە باغلىق بولغان پەلسەپە ۋە كالامچىلارنىڭ ئىنسانغا سىزىپ بەرگەن تەقدىر قۇدۇقىغا ئىتتىرۋېتىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

بۇ ئوخشاش كىشەندىن ئىبارەت، خالاس. بىراق بىر ئۇچى ئاسمانغا، يەنە بىر ئۇچى يەرگە باغلانغاندۇر. بۇنى ماتېرىيالىزملىق تەقدىرچىلىك دېسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز. ھازىر ئىنساننى قورشاۋغا ئېلىۋالغان تىراگېدىيەلەر بولسا كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭ پەسلىكى، ماركسىزمنىڭ تۇرغۇنلىقى، دېموكراتىيەنىڭ نىسپىيلىكى ۋە يالغانلىقى، مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ بىمەنىلىكى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارغا خېلى كۆپ ئىزىملارنىمۇ قوشالايمىز (ئەلى شەرىئەتى).■

## پايدىلانمىلار

1 - ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى، رۇس ئا. ۋاللانىس، ئالىسون ۋالف، تەرجىمە قىلغۇچى: لەيلا ئەلبۇرۇز، ما. رامى ئاياس. شەرق غەرب نەشرىياتى ، 2012-يىلى، ئەنقەرە.

دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى قوللانمىسى، ھالىل ئايدىنئالىپ (توقۇنۇش ۋە دىن). گرافكەر نەشرىياتى ، 2012 - يىلى، ئەنقەرە.

ئەلى شەرىئەتى، ئىنسان، فەجر نەشرىياتى

ئەلى بۇلاچ، (توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇرا ئاسىياغا لەغمەن بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار

## كىرىش سۆز

بىر مىللەتنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى مىللىي خاسلىققا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، جۈملىدىن مول ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىدۇر. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى بارلىق ھايات پائالىيەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىك ھايات كەچمىشىنى، ھايات كۆچۈرۈشتىكى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ۋە بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جانلىق بايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي ساھەلىرىنى ئۆگىنىش، ئەنئەنىۋىي ساغلام ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن تەڭ ئۇنى زامانغا يارىشا كەسپلەشتۈرۈش، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر زۆرۈر بولغىنىدەك بۇ مەدەنىيەتكە ئىلمىي ۋە جانلىق ئۇسۇلدا ۋارىسلىق قىلىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆز تائاملىرىنىڭ ساھىبى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى قوشنا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، جۈملىدىن قىتئە ھالقىپ چىقىپ، بىر مەدەنىيەتنىڭ يۇمشاق كۈچى سۈپىتىدە دۇنياغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھەر ۋاقىت ئەسلىتىپ تۇرۇش ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر قۇتۇپلىششى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتلەرگە ئىگىدۇر.

مانا شۇ مەقسەتلەر بىلەن مەزكۇر ماقالە كېڭەشلەر ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى) يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن ھالقىپ چىقىپ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلەرگە تېزدىن يامراپ، ئومۇملىشىشقا يۈزلىنىشى،

ھەتتا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تائام تىزىملىكىدىمۇ «ئۇيغۇر لەغمىنى» (Уйгуриский лагман) دېگەن بىر تائامنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى، بۇ يېڭى ئەسىردىكى «لەغمەن » (Лагман) قىزغىنلىقى بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىققان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى لەغمەنگە باغلاپ تونۇشى، بىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي تەسىرلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە قوشنا تۈركى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدىكى بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

21 - ئەسىردىكى دۇنيا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى تارىخىي، جۇغراپىيەۋى ، ئېتنىك باغلىنىشلارغا ئاساسەن دېگىزدىن ئەڭ يىراق بولغان ياۋرو - ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ تېررىتورىيەلىرىنى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق تۈركى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. گەرچە ئۆتكەنكى ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە بولغان كېڭەشلەر ئىتتىپاقى 1991 - يىلى يىمىرىلىپ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش تۈركى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي دۆلەتچىلىك ۋە ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەھىپىسىنى ياراتقان بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ ۋە شۇ مىللەتنىڭ تۈپ مىللىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرى تەبىئىيكى بۇ رايونغا قىزىققۇچىلارنىڭ ئىزچىل دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە غەرب دۇنياسىغا «ستان» دەپ تونۇلۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا (سابىق سوۋېت رېسپۇبلىكىلىرى) ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان مىسلىسىز سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇلارنىڭ 25 يىللىق مۇستەقىل مىللىي دۆلەتچىلىك مۇساپىسىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىك ۋە تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىش، ئۆز ۋە ئۆزگىلەرنى تونۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مىللىي مائارىپ تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىش، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە سىمۋولىنى يارىتىش، ئۆز جەمئىيەتلىرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىلىرى ۋە شۇنداقلا ئۇلارغا مۇستەملىكچى بولغان دۆلەتنىڭ مىراسخورى بولغان رۇسىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاتارلىق بىر تۈرلۈك دۆلەتچىلىكتىكى زوراۋان بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 10 يىلىنى ئالدىراش ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردا بۇ ياش مۇستەقىل دۆلەتلەر شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى گىگانت قوشنىسى بىلەن قانداق بىر مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشتەك دىپلوماتىك سىناققا دۇچ كەلگەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۈچۈن شەرقتىكى مۇھىم قوشنىسى خىتاي بىلەن بولۇپمۇ ئۆزلىرى بىلەن قېرىنداش بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادى ۋە سىياسىي ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بەرپا قىلىش بىلەن تەڭ بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ رۇسىيە بىلەن مەۋجۇت بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر يەتمىگەن ئاساستا ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشتەك بىر زورۇرىيەت تۇغۇلغان ئىدى. ئەلۋەتتە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ھەر قانداق بىر ھەمكارلىق ئۆز ئارا ئېرىشىدىغان مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا دەسلەپتىكى بىر سىياسىي ۋە ھەربىي ئىتتىپاق گەۋدىسى بولغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» 2001 - يىلى شاڭخەيدە قۇرۇلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان دۆلەتلەر مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رامكىسى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تۇپراق پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تۈرلۈك كۈچلەرنىڭ بۇ ياش دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارغا تاقابىل تۇرۇشنى خىتاي ۋە رۇسىيە باشلامچىلىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۆتىدۇ.

ئەمما دۇنيانىڭ سىياسىي كۆن تەرتىپلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستى قىلىۋەتكەن «11 - سېنتەبىر» تېررور ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ئافغانىستاندا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان «تېررور» غا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلىرىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالىدۇ.

جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە خەلقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرى دەپ بىلىپ بىلىدىغان ئەمما تارىختا رۇس ۋە خىتايدىن

ئىبارەت ئىككى ئىمپېرىيەلەر مەنپەئەتىنىڭ قۇربانى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى مىللىي دۆلەتچىلىك ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشاۋاتقان دۆلەتسىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئەھمىيىتى ئالاھىدىدۇر.

ئۇنداقتا مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى 25 ياشقا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئېتنىك قېرىنداش بولغان بىر دۆلەتنىڭ ساھىبى بولغان قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇرلارنى زادى قانچىلىك بىلىدۇ؟ قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟ ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دۆلەتسىزلىكىگە، كىملىك ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە قانداق قارايدۇ؟

ئۇنداقتا ئۇشبۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنى ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىمدىن، ھەم مەن مۇئامىلە قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئىنكاسلىرىدىن ئىزدىنىپ كۆرەي.

بالىلىقىمدىن تارتىپ مەن ئۈچۈن ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلۇپ كەلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا» مۇستەقىل دۆلەتلىرىگە قەدىمىم تۇنجى قېتىم بىر مۇساپىر سالاھىيىتى بىلەن 1999 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەككە باسقاندىن بۇيان ئۆتكەنكى ئونبەش يىلدا نەچچە نۆۋەت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئارام ئېلىش مەقسەتلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىملاپ زىيارەت قىلىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ 2015 ۋە 2016 ـ يىللىرى قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكىستانلارغا قىلغان سەپەرلىرىم داۋامىدا مەزكۇر دۆلەتلەردە ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلىرىنى ئۆگەندىم، جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە ـ ئىلىم قىلىش جەريانلىرىدا قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ كەمىنىنىڭ «ئۇيغۇر» مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى ئىنكاسلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى لەغمەن ئارقىلىق تونۇيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشى ھەمىشە بولۇنۇپ تۇرىدىغان غەيرى- رەسمىي پاراڭلار داۋامىدا دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتىشقا باشلىدى.

ئەجەبا تارىختا كەڭ زېمىنلاردا ئىمپېرىيە ۋە خانلىقلار قۇرغان، مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ بالدۇر شەھەرلەشكەن، ئەڭ بالدۇر ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، دېھقانچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە يېتۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يارىتىش ھېسابىغا قالدۇرغان ھەر ساھەدىكى پەن ـ مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىراسلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتى دەۋرلىرىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇپ، مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملىرى بىلەن جاھانغا تونۇلغان، ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامى «ئۇيغۇر» نىڭ مەنىسى تۈركى قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز - ئارا «بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش» نى چاقىرىق قىلغان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بۇ پاساھەتلىك خەلق تارىختا قېرىنداشلىرىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆبرازى بولۇپ تونۇلۇپ كەلگەن بولسا، زامان ئەسىرلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ 21 - ئەسىرگە كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە شانلىق مەدەنىيەت ساھىبى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تۆھپىلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى قورساقتا يەيدىغان بىر ۋاق تائامنىڭ نامى «لەغمەن » بىلەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرىغا تونۇلۇۋاتقانلىقى كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

ئۇنداقتا بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا خالىس تونۇشتۇرۇۋاتقان «لەغمەن » دېگەن بۇ سېھىرلىك تائام ئۈستىدە توختىلايلى.

## لەغمەن - ئۇيغۇر كىملىكىگە باغلانغان تائام مەدەنىيىتىدۇر

يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى دېگىنىمىز شەھەر سۈپىتىگە ئىگە بولغان مىللەتنىڭ ھەر بىر ئائىلىدە پاكىزلىق ۋە قائىدىلىك بىلەن تەييار قىلىنىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىكى مەدەنىي ئادەتلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تائاملىرى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ئۇ يالغۇز تائام تۈرلىرىنى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى تەييارلاش ۋە ئىستېمال قىلىشتىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە مۇجەسسەملەشكەن.[1]

يېمەكلىك ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتلىرىنىڭ يېقىنقى يىگىرمە يىلدىن بېرى ئېرىشكەن نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى «كۈندىلىك تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان» خام ماتېرىياللىق تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بىر جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلىنىشلىرىنى تەتقىق

(1) «ئۇيغۇر تائاملىرى»، ئاپتور توختى باقى، 1-بەت، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2005- يىلى ISBN 1-3856-5372-7

قىلىشتا بىۋاستە رول ئوينايدۇ. [2]

لەغمەن ناملىق بۇ تائام ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ رولى ھەتتا ئەر ۋە ئايال مۇناسىۋەتلىرىدىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىگىچە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر يېزا-قىشلاقلىرىدا ئادەتتە ئائىلىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ئەر ۋە ئايال بويىچە ئايرىلغان بولۇپ، ئەرلەر ئاساسەن ئائىلە سىرتىدا دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، ئاياللار ئۆي ئىچىدىكى تاماق ئېتىش، بالا بېقىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەر ۋە ئاياللارنىڭ جىنس پەرقى بويىچە بېكىتىلگەن ئىش ئايرىمىسى سەۋەبىدىن ئاياللار ئائىلىدە تاماق ئېتىدۇ، ئەرلەر سىرتتا دېھقانچىلىق قىلىدۇ دەپ قاراش ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەنئەنىۋي تۇرمۇشنىڭ ئادەتلىرى بولۇپ ئومۇملۇققا ئايلانغانئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئەسىرلەر داۋام قىلغان ئىسلام دىنىنى ئەقىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىلىرى ۋە  ئۆرۈپ-ئادەتلىرى زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئائىلىرىدە يېمەك-ئىچمەكنى ئاياللار تەييارلايدۇ، جۈملىدىن لەغمەننى ئائىلىدە ئاياللار ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر ئائىلىرىدە لەغمەن ئېتەلمەيدىغان ئاياللار بولمىغىنىغا ئوخشاش، لەغمەن يېمەيدىغان ئەرلەر ھەم بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ناۋادا بىر قىز تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن ئېرىگە لەغمەن ئېتىپ بېرەلمىسە ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئادەتتە تۇرمۇشىمىزدا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز، مەسىلەن: ئەگەر بىر ئوغۇل بالا بىرەر ئىشنى جايىدا ئوڭلۇق قىلالمىغان بولسا ئۇنىڭغا تەنقىد ئورنىدا مۇنداق سوئاللار بېرىلىدۇ: «ھەي لەقۋا، ئاپاڭ سېنى لەغمەن بېرىپ باقمىدىمۇ؟» ياكى ئەر ئايالىنىڭ سېغىنىپ قالغان بولسا «خوتۇن، لەڭمىنىڭنى سېغىنىپ قالدىم جۇمۇ؟» دېگەندەك كۆچمە مەنىدىكى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈرىدۇ .

دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەن ناملىق بۇ تائامى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەر - بىر ھۆجەيرىلىرىگىچە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىگە ئايلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى ئۇيغۇر

---

(2) «ئۇيغۇر لەغمىنى ۋە باشقا چۆپ تاماقلار» (ئوتتۇرا ئاسىيا ئاشپەزلىك ھۈنىرى ھەققىدە تەپەككۇرلار) ئاپتورى نىكول روددا. فرانسىيەدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2014- يىل قىش 4- سانى. 6-5- بەتلەر.
La technique de fabrication des layman ouïghours au Kirghizstan, Nicole Rodda

www.uyghurkitap.com



تۇرمۇشىدا لەغمەنسىز بىر ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش لەغمەن ئېتىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئائىلىرىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئومۇملۇققا ئىگە قاراش شەكىللىنىپ كەتكەن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تۇرمۇش ئۆرۈپ - ئادەتلىرى بويىچە ئائىلىدە ئاياللار قازان بېشىنىڭ ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكتە تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم.

لەغمەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان تائام بولغىنى ئۈچۈن ئادەتتە ئۇيغۇر قىزلىرى بويىغا يېتىپ تۇرمۇشلۇق بولۇشتىن ئاۋۋال ئائىلىدە ئاپىسى ياكى قىز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن لەغمەن قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئېتىش ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلىدۇ. دېمەك لەغمەننى ئۇيغۇر ئائىلىرىدە ئاياللار ئەتسە، ئۆيىنىڭ سىرتىدا يەنى رېستوران، ئاشپۇزۇللاردا ئاساسەن دېگۈدەك ئەرلەر ئېتىدۇ. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئائىلىدە لەغمەن ئېتىشنى ئۆگەنسە، ئۇيغۇر يىگىتلىرى لەغمەن ئېتىش ئۇسۇللىرىنى ئاشپۇزۇل ياكى رېستورانلاردا «شاگىرت ئاشپەز» بولۇپ لەغمەن ئۇستازلىرىدىن ئۆگىنىدۇ.

قىسقىسى لەغمەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ گەرچە دۇنيادا نۇرغۇنلىغان جەمئىيەتشۇناس ۋە يېمەك-ئىچمەك مۇتەخەسسىسلىرى لەغمەننىڭ كېلىپ چىقىش ھەققىدە تۈرلۈك ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئەمما لەغمەن ناملىق بۇ تائامنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم قاچان، قەيەردە، قايسى خەلقلەر توپلىمى تەرىپىدىن ئېتىپ يېيىلگەنلىكى ھەققىدە ھەممىنى قايىل قىلارلىق بولغان مەلۇماتلار يوق. لەغمەن ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلار، تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇ يۈرگۈزۈلگەن ئىزدىنىشلەر ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە قانداقتۇر بىر مۇئەييەن ئاساسلار ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ، ئەمما سوئالنىڭ نېگىزىگە ھەممە كىشىنى قايىل قىلالىغۇدەك جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن لەغمەنگە باغلانغان جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

خوش، ئۇنداقتا لەغمەننى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيتى كاتېگورىيەسىدىن تەھلىل قىلىپ چىقايلى. ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرىدە لەغمەننىڭ تۇتقان ئورنى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، پولونى «مېھمان ئېشى» دەپ ئاتىسا، «لەغمەننى مۇھەببەت ئېشى» دەپ تەرىپلەيدۇ.(3)

---

(3) ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تائاملىرىنى ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ مۇنداق دەپ ئاتايدۇ: پولو مېھمان ئېشى، لەغمەن مۇھەببەت ئېشى، مانتا يىگىت ئېشى، گۆش نان دېھقان ئېشى، سۇيۇقئاش ھاردۇق ئېشى، چۆپ ئاش چوقان ئېشى، بۇلماق بوۋاق ئېشى، ھالۋا بالىلار

يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. كىشلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ھايات پائالىيەتلىرى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بىر تائامنىڭ ئومۇمىيلىققا ئايلىنىشى كۆپ كىشلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە ئۇنىڭغا باغلانغان تائام مەدەنىيىتى بولسا ئۆز نۆۋىتىدە شۇ تائامغا ساھىب مىللەتنىڭ يۇمشاق كۈچى سۈپىتىدە دۇنياغا نامايان بولۇپ، ئۆز مىللىي كىملىكى بىلەن تونۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تائام مەدەنىيىتى زامانىمىزدا ھەممە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئامىلغا ئايلانغان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە دۇنيادا سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ھەممە ئادەملەرگە تونۇشلۇق بولغان تائام تۈرلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ ماك دونالدس (McDonald’s) تىز تائاملىرىنى، ئىتالىيە پىساسى (Italian pizza)، غەرب ئەللىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن خىتاينىڭ ئۆيگە توشۇش تاماقلىرىنى (Chinese Takeaway)، تۈركلەرنىڭ كاۋاپ ۋە دۆنەرلىرىنى (Turkish kebab, diner)، ھىندىلارنىڭ كەررىي قورۇملىرىنى (Indian curry) مىسال قىلالايمىز.

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغان تائاملىرىدىن پولۇ ، مانتا، سامسا قاتارلىق تائاملار ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەتتا ئوتتۇرا شەرق ، تۈركىيە، پاكىستان، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە ئورتاق بىر تائام بولسىمۇ ئەمما بۇ تائاملارنى تەييارلاپ يەيدىغان خەلقلەر ۋە دۆلەتلەر سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بىر تەۋەلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالماي ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر تەۋەلىكسىز تائامغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ مىسالى شۇكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرگەندە ھازىر پولۇ ناملىق بۇ تائامنىڭ 60 خىلدىن ئارتۇق تۈرلىرى مەۋجۇت ئىكەن. بىراق ئۆزگىچە خاس تەم ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئۇيغۇر لەغمىنى بولسا ئۇيغۇر تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇكەممەللەشكەن تائام بولغىنى ئۈچۈن گەرچە پولۇ ۋە سامسلاردەك دۇنياغا كەڭ تونۇلمىسىمۇ ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇيغۇر لەغمىنى» دېگەن بىر نام بىلەن

ئېشى، سۈتئاش (ئاقئاش) ئاغرىق ئېشى، كۆمەچ قويچى ئېشى، كاۋاپ بازار ئېشى، نارىن مەرتىنىڭ ئېشى، شويلا بېخىلنىڭ ئېشى (يامغۇر ئېشى)، قۇيماق مازار ئېشى (نەزىر ئېشى). دېمەك بۇ تائاملارنىڭ ئىچىدە لەغمەننىڭ ئورنى ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە. بۇ تائام ھازىرقى ۋاقىتتا باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. «ئۇيغۇر ئۆرۈپ - ئادەتلىرى» كوللېكتىپ ئاپتور: مەسۇمجان زۇلپىقار، ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شىرىپجان خۇشتار، قازاقىستان مىر نەشرىياتى نەشرى، ئالمۇتا 2010- يىلى، 139-138-بەتلەر. ISBN 978-601-7013-47-9

www.uyghurkitap.com



ئاتىلىپ ۋە تونۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رايون خاراكتېرلىك «يۇمشاق كۈچ» نى بەرپا قىلىشقا باشلىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تائامىلىرى ئارىسىدا لەغمەننى «مۇھەببەت ئېشى» دەپ ئاتايدۇ. لەغمەننىڭ مېھرى مۇھەببىتى خەلقنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاتا- ئانىلار، دوست بۇرادەرلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلاردىكى لەغمەن ھەققىدە دائىم بولۇنۇپ تۇرىدىغان سۆھبەتلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىرتىغا سەپەرگە چىققاندا لەغمەن يېيەلمەي ھەسرەتتە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر ياكى ئۇيغۇر لەغمىنىنى ئىزدەپ تېپىپ يېيىش ئۈچۈن چەككەن رىيازەتلەر توغرىسىدا ئاڭلىغان تىللاردا داستان بولغۇدەك ھېكايىلەر بىزگە شۇنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىدۇكى بۇ دىياردا ھايات مەنزىلى كۆكلىگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن لەغمەن يېمەي ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەر بىر كۈنى مەنىسىزلىككە مەھكۇم دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى يېيىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان ئادەت ئومۇمي يۈزلۈك شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر خەلقى يېمەك - ئىچمەكنىڭ پاكىز ۋە ھالال بولۇشىنى ئەڭ ئالدىنقى ئۆلچەم قىلىدىغان كۈندىلىك ھاياتىدا لەغمەننىڭ ئىستېمال قىلىنىشتا تۇتقان ئورنى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئالاھىدە بولغان تائام ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئاشپۇزۇللارنىڭ «لەغمەنخانا» دەپ ئاتىلىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەستۇر. ئۇيغۇر لەغمىنى يېيىشلىك، ئىسسىق باسىدىغان، قۇۋۋەت بېرىدىغان ۋە ئىشتىھانى ئاچىدىغان مېزىلىك تائامدۇر. «مەن لەغمەنگە ئەڭ ئامراق، مەن كۈندە ئۈچ ۋاق لەغمەن يېسەممۇ قەتئىي زېرىكمەيمەن...». كىشىلەرنىڭ لەغمەن يېيىشنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقى، بۇ تائامنى يېيىش بىلەن نەقەدەر ھۇزۇر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇشۇنداق ئىنكاسلارنى بىز ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز.

ئۇيغۇر لەغمىنىنىڭ سېھرى شۇكى ئۇنىڭ كۈچى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەر ساھەلىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەنگە بولغان مېھرى مۇھەببىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك، شۇ قەدەر چوڭقۇر بولغانكى ھەتتا تونۇلغان شائىرلاردىن مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوف ئەپەندى لەغمەن ھەققىدە ئۆزىنىڭ لەغمەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جەددىزىملىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك نەزمە توقۇغان ئىدى:

ئەگەر مەن ئۆلسەم ئېڭىكىمنى
لەغمەن بىلەن تېڭىڭلا،
مەنتىڭىدە يۇيۇڭلا.
يەرلىكىمنى سادىر سوققان ئەسۋاپتا،
ئېگىز دۆڭدىن ئويۇڭلا.
يۈزۈمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،
قىلبە-پىلۋە دېگەنلەرنى قويۇڭلا.

ئۇيغۇر تائاملىرى ھەققىدە ئەلگە تونۇلغان ئاتاقلىق شائىرىمىز مۇھەممەدجان راشىدىن ئاكىمىز ئۆزىنىڭ لەغمەنگە بولغان ئىشتىياقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق شېئىر يازىدۇ:

لەغمەن ، مانتا خۇمار بولدى بىر يېگەنلەر،
چىقتى خېلى «پولۇ پىرى بىز!» دېگەنلەر.
ئاش مانتىغا قالدى ئاشىق-مەشۇق بولۇپ،
تائاملاردىن كۆڭلى لەززەت ئىزدىگەنلەر.[4]

يەنە لەغمەنگە باغلانغان مۇھەببەت ھەققىدە جاھان كۆرگەن پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن ئابلەت ئابدۇللا ئاكا تۆۋەندىكىدەك نەزمە توقۇيدۇ:

جاھاننى ئايلىنىپ كۆردۈم ، تالاي ئەللەر، شەھەرلەرنى،
بۈيۈك لوندون، نىيۇيورك ، كاراچى، ئەنقەرەلەرنى،
يېدىم تاشكەنتتە ماشخوردا، پېتىربورگدا ئېكرانى،
قازاقىستاندا ئەبجەش ئاش، قازاندا قاق بەلشىلەرنى،
لېكىن، ئوخشاتمىدىم، دوستلار، ئاڭا بىر تەخسە لەغمەننى. [5]

## ئۇيغۇر لەغمىنى قازاقىستاندا دۇنيا جىنس رېكورتى ياراتتى

بۈگۈنكى مۇستەقىل قازاق ئېلىنىڭ شەرقىنى ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن

(4) «ئۇيغۇر تائاملىرى» - توختى باقى، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2004 - يىلى ئۈرۈمچى. 133-بەت. ISBN 7-5372-3856-1

(5) «ئۇيغۇر تائامى» - مۇخەممەس، ئاپتورى ئابلەت ئابدۇللا. فرانسىيەدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىل قىش 4 - سانى.

www.uyghurkitap.com



بىرى «يەتتىسۇ» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن بولۇپ، زامانىمىزدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىر كېچىدىلا دۆلەت بولۇپ تۇغۇلۇشتىن، جۈملىدىن قازاقىستان ۋە خىتاي دۆلەت چېگرالىرى رەسمىي شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا قازاق ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن بۇيان بىر دەريا، بىر كۆلنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ كەلگەن قېرىنداش خەلقلەر ئىدى. مانا شۇ قېرىنداشلىق مېھرلىرى بىلەن بۇ ئىككى مىللەت تارىختىن بۇيان بىر - بىرلىرىگە ھەمدەم بولۇپ كەلگەن. ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئېتەكلىرى قىرغىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بۇ مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ھايات ماكانلىرىغا ئايلانغان. مانا بۇ قېرىنداشلىق ۋە جۇغراپىيەلىك باغلىنىشلار سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار ئەسىرلەردىن بۇيان تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالى بۆلەكلىرىدىن باشلىنىدىغان سۈيى ئەلۋەك ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىنى بويلاپ يەتتە ئېقىننىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان «يەتتىسۇ» تۇپراقلىرىدا غەربتە ئەھمەت يەسەۋىينىڭ يۇرتى تۈركىستان شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئارال دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردا ھايات كەچۈرگەن.

بۈگۈنكى قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاھالىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئالمۇتا شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر دىيارى بىلەن چېگرالىنىدىغان شەرقىي تۇپراقلىرىنى ئاساس قىلىپ ياشايدىغان بولۇپ غۇلجا، قورغاس ۋە چۆچەك قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رايونلار مەمۇرىي جەھەتتىن تالدىقورغان (تالدىقورغان) ۋە ئالمۇتا ئوبلاستلىرىغا قارايدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ 2009 - يىلى ئېلان قىلغان ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ھازىر قازاقىستاندا 249 مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدىكەن. ئەمما باشقا مۇستەقىل ھۆكۈمەتسىز مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بۇ رەسمىي ئىستاتىستىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، يەنى قازاقىستاندا كەم بولغاندىمۇ 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.(6)

(6) قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە: قازاقىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ بۇ دۆلەتتە ئۇيغۇرلارمۇ خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى رەسمىي ھۆكۈمەت ئېنىقلىمىسىدا 300 مىڭ، ئەمما تولۇق بولمىغان مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە قازاقىستاندا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشايدىكەن.
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/medeniyet-tarix/qazaqistan-uyghur-04122013210721.html
Uyghurs in Kazakhstan (Forced migration online)
http://www.forcedmigration.org/podcasts-videos-photos/video/across-the-border/



1. رەسىم: ئالمۇتا شەھرىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان بورالتاي боралтай مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىرگە.

مەن قازاقىستانغا 2003 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بارغاندىن بۇيان بىر قانچە قېتىملاپ بۇ ئەلدە زىيارەت ۋە خىزمەت سەپەرلىرىدە قىسقا ۋاقىت بولدۇم. مەن 2003 - يىلى ئالمۇتىنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، كېڭەشلەر ئىتتىپاقى ۋاقتىدا قۇرۇلغان «چىمبۇلاق» ئارام ئېلىش ئورنىغا بارغىنىمدا، بىر كۈنى شۇ يەردىكى بىر رېستورانغا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن كىردىم، تائام تىزىملىكىدىن «ئۇيغۇر لەغمىنى» (Уйгуриский лагман) دېگەن خەتنى كۆرۈپ، شۇ تائامنى بۇيرۇتتۇم.

بۇ «ئۇيغۇر لەغمىنى» نى يېگىنىمدە ئۇنىڭ چۆپى نەچچە كۈنلەپ مۇزلاتقۇدا ساقلىنىپ تۇرۇلغىنى ئۈچۈن يۇمشاپ خېمىرغا ئايلىنىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ قورۇپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاشتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر تائام ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، قىسقىسى مۇشۇنداق تائاملارنىڭ نامىنىڭمۇ «ئۇيغۇر لەغمىنى» دەپ

http://www.forcedmigration.org/podcasts-videos-photos/video/across-the-border/
SOVIET ETHNIC GROUPS SENT TO KAZAKHSTAN
http://factsanddetails.com/central-asia/Kazakhstan/sub8_4b/entry-4643.html
http://factsanddetails.com/central-asia/Kazakhstan/sub8_4b/entry-4643.html
Miniature Empires: A Historical Dictionary of the Newly Independent States
by James B. Minahan Publisher: Greenwood (October 23, 1998) ISBN-10: 0313306109

www.uyghurkitap.com



ئاتالغۇنى ئۆزلۈمچە قوبۇل قىلالماي بۇ رېستوراندىن زارلىنىپ، تولگەن پۇلۇمغا رازى بولماي چىقىپ كەتكىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان قازاقىستاندا يوقتىن ياخشى دەپ مۇشۇنداق قازاقىستانچە «ئۇيغۇر لەغمىنى» نى يېيىشكە كۆنۈپمۇ قالغان ئىدىم. چۈنكى مەركىزى ئۇيغۇر ھايات توپلىمىنىڭ سىرتىدا ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان تائامى بولغان بۇ لەغمەننى تېپىپ يېيىشمۇ ئۇيغۇرلۇققا سېغىنىش بىلەن تۇغۇلغان مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ئەلۋەتتە يوقتىن مىڭ ئەلا ئىدى.

مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2016 - يىلى نويابىردا قازاقىستانغا بارغىنىمدا قازاق ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرى تۇرمۇشىنىڭ كۆپ ساھەلىرى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى، بولۇپمۇ قازاق خەلقىدە شەھەرلىشىش سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېز بولۇۋاتقانلىقىنى، قازاقلار ھاياتىدىكى بۇ تېزلىشىش تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، كۆپ ساھەلەردە ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. بۇنداق بولۇشنى ئەلۋەتتە قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خىتاي دۆلىتىنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە سودا ھەمكارلىقلىرىدىن، بولۇپمۇ كۈندىن كۈنگە ھەجىمى ۋە سوممىسى كۆپىيىۋاتقان بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرا سودىسىدىن، خىتاينىڭ قازاقىستانغا سىڭىۋاتقان تۈرلۈك سىڭىنمىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

قازاق ئېلىدىكى قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان 25 يىللىق مۇستەقىل دۆلەت ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ئەسلى ئۆزلۈكىگە، شەرققە، مۇسۇلمانلىق ھاياتقا ۋە تۈركىيلىككە قايتىپ كېلىشكە يېتەكلەۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ خىل ئىجابىي يېتەكلەشلەرگە قازاق ئېلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، سودا - تىجارەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە باغۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلىرىدە ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلىق ئورنىنى ئىزچىل ساقلاپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە قازاقلارنىڭ قازاقىستانغا كۆپلەپ كېلىشى ۋە تىجارىي پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشلىرى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار سۈپىتىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان ئىدى.[7]

(7) خوڭكوڭ سودا تەرەققىيات ئىدارىسى خىتاي سودا تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىشچە 2015 - يىلدىكى قازاقىستاننىڭ يىللىق ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودا سوممىسى بويىچە خىتاي بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، قازاقىستاننىڭ چەتئەللەر بىلەن بولغان سودا سوممىسىنىڭ 20% نى ئىگىلىگەن.
Kazakhstan: Market Profile 30 April 2016، Hong Kong Trade Development Council - China is currently

لەغمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېيىشلىك ۋە ئاساسلىق تامقى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلاردا لەغمەن يېمەيدىغان ئادەم بولمىغىنىدەك لەغمەن ئېتىپ يېمەيدىغان ئۇيغۇر ئائىلىسىمۇ ھەم بولمايدۇ دەپ ئېيتسام بەلكىم مۇبالىغە بولماس. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى لەغمەننى ناشتىلىقتا، چۈشتە ياكى خالىسا كەچتە يەيدۇ، بەزى ئائىلىلەردە كۆنلىرى پۈتۈن بىر كۈن ئۈچ ۋاقلىق تامقى ئۈچۈن لەغمەن يەيدۇ. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە ھەر كۈنى بىر ۋاق لەغمەن ئېتىلمەي كۈن ئۆتمەيدۇ. گەرچە لەغمەن تائامنى ئېتىپ يېيىش ئالاھىدە ئىقتىدار، ھۈنەر تەلەپ قىلسىمۇ ئەمما شۇ تارتقان جاپاغا چۈشلۇق باشقا تائاملارغا سېلىشتۇرغاندا لەغمەن ھەققەتەنمۇ يېيىشلىك، تەملىك، كىشىگە راھەت ۋە كۈچ بېرىدىغان تائامدۇر.

جۆملىدىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئالمۇتا شەھىرى تەۋەلىكىدە قازاق ياكى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان كەسپىي رېستورانلارنىڭ كۆپىنچىسىدىكى تائاملار تىزىملىكىدە يېزىلغان «Уйгуриский лагман» (ئۇيغۇر لەغمىنى) دېگەن تائام نامىنى ئۇچرىتىسىز. بۇ لەغمەنلەرنىڭ تەمى سۇيۇقئاش ياكى قورۇلۇپ تەييارلانغان خولۇپ ئاشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ تەييارلىنىش قائىدىلىرى غەرب تائاملىرىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە لەغمەن چۆپلىرى ۋە قورۇمىسى ئالدىدىن تەييارلىنىپ، مۇزلاتقۇلاردا بىر قانچە كۈنلەپ ساقلاپ، خېرىدارلار تائام بۇيرۇتقان ھامان ئالدىغا تېزلىك بىلەن كەلتۈرگىنى ئۈچۈن گەرچە بۇ تائامنىڭ نامى «ئۇيغۇر لەغمىنى» ماركىسى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشقا بىر تائامنىڭ تەمى بولۇپ تېتىيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئاچقان ۋە باشقۇرغان ئۇيغۇر رېستورانلار ئالمۇتا شەھىرىنىڭ نۇرغۇن خىلۋەت كوچىلىرىدا كۆزنىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئەگەر شۇ رېستورانلارنىڭ بىرىدە لەغمەن بۇيرۇتۇپ يېسىڭىز تەبىئىكى سىز ئۆزىڭىزنى غۇلجىدا تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ لەغمىنىنى ھۇزۇر ۋە ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولىسىز.

بۇ رېستوران ۋە ئاشپۇزۇللارنىڭ تائام تىزىملىكىدىن سىز ئۇيغۇرنىڭ ھەممە تائاملىرىنى كۆرۈپلا قالماي يەنە بۇ تائاملارنىڭ رۇسچە ئاتىلىشلىرىمۇ دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ، مەسىلەن: “Уйгуриский лагман - гавру” (ئۇيغۇر لەغمىنى - گويورۇ - 过油肉过油肉 - ган пан- گۇرۇچ ئاش 干饭). قازاقىستاندىكى

---

the largest trading partner of Kazakhstan (accounting for some 20% of Kazakh’s total trade), and Kazakhstan is China’s second largest trading partner in the CIS region after Russia.
http://china-trade-research.hktdc.com/business-news/article/The-Belt-and-Road-Initiative/Kazakhstan-Market-Profile/obor/en/1/1X000000/1X0A374B.htm

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قازاقلار لەغمەن ، پولۇ ۋە چۆچۈرە قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئۆزلىرىگە ئەڭ تېز ئۆزلەشتۈرگەن خەلق بولۇپ، بەزى قازاقلار لەغمەن ، پولۇ ، مانتا قاتارلىق تائاملارنى ئەسلىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ يەپ كەلگەن ئەنئەنىۋىي تائاملىرى دەپ قارايدۇ.

**دىيالوگ 1:**

ئالمۇتا شەھىرىدە مەن مۇئامىلىدە بولغان بىر قانچە قېتىملىق تاكسى سەپىرىمدە تاكسى شوپۇرلىرى بىلەن بولغان قىسقا ئەمما كىشىنى ئويغا سالىدىغان سۆھبەتلەرگە دۇچ كېلىپ تۇردۇم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئالمۇتىنىڭ دوستلۇق ئۇيغۇر مەھەللىسىدىن شەھەر مەركىزىگە تاكسىدا كېتىپ باراتتىم. تاكسى شوپۇرى 25 ياشلاردىكى بىر قازاق يىگىتى بولۇپ، بېشىغا ئاق گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئاق رەختتىن ئۇزۇن خالات كىيىۋالغان، قويۇۋالغان كەكە ساقىلى بۇ يىگىتنىڭ ياشلىقىغا قارىماي كىيگەن كىيىمى بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بىرسى بولسا كېرەك. مەن بۇ يىگىتكە قەيەرگە بارىدىغىنىمنى ئېيتقىنىمدىن كېيىن ئۇ مەندىن «- ئاكە، سىز ئۇيغۇرمۇ؟ » دەپ سورىدى. مەن «- ھە ئە، مەن ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب قايتۇردۇم. يىگىت يەنە سورىدى: «- ئۇيغۇرلار تاماققا بەك ئۇستا، ئۇلارنىڭ لەغمىنى بار، بۇ تاماق بەك تەملىك!». مەن بۇ يىگىتكە «- رەھمەت ئۇكە!» دېدىم جاۋابەن. شۇ ئەسنادا بۇ تاكسىچى يىگىتنىڭ «- ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمىنى بار، بۇ تاماق بەك تەملىك!» دېگەن گېپىدىن ئۆزۈمدە ھېچ بىر راھەت تۇيالمىدىم - دە، ئىچىمدە «بۇ يىگىت ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۇنىڭ باشقا بار بولغان گۈزەل بار نەرسىلىرىنىمۇ بىلەمدىغاندۇ، بىر سىناپ باقايچۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە ئۈمىدلىك ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم «- ئۇكە، بىز ئۇيغۇرلاردا لەغمەن ئەمەس، لەغمەندىنمۇ كۆپ جاقشى نەرسە بار، سەن بىزدىكى شۇ جاقشى نەرسىلەردىن بىرەرنى ئېيتىپ بېرە؟» دېدىم. ئۇ ماڭا «- جوق ئاكە، بىلمېيمەن!» دەپ تېزلا جاۋاب قايتۇردى بېشىنى چايقاپ...

ئەسلى بۇ قازاق يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، ئۇيغۇرلار دېمىسىمۇ قازاق ئېلىگە قازاقىستان مۇستەقىل بولغان 25 يىلدىن بۇيان لەغمىنى بىلەن كەڭ تونۇلۇپ كەتكەن ئىدى! جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستاندا لەغمەن بىلەن تونۇلۇشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى پەللىنى ياراتقان. بۇ بايانىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بىر ۋەقەنى مىسال قىلىپ ئۆتەي 2015 - يىلى 1 - ماي قازاقىستان مۇستەقىللىق كۈنى

قازاقىستان، دۇنيا ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇنداق كاتتا بىر خەۋەر تارقىلدى - «ئالمۇتىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ زور لەغمەن تەييارلىنىپ، دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىلدى».

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە بۇ زور كۆلەمدىكى لەغمەن ئېتىش پائالىيىتىنى ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئالدىدا قازاقىستان مۇستەقىللىق كۈنىدە قازاقىستان جۇغراپىيە جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىغا ئاتاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ناھايىتى زور بىر داشقازاندا ئېتىلگەن لەغمەننىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 687 كىلوگرامدىن ئارتۇق بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق ئاشپەز تائامنى تەييارلىغان. لەغمەن ئېتىلىۋاتقان يەرگە دۇنيادىكى ئەڭ زور لەغمەننى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرگە بۇ بىر قازان لەغمەن بۆلۈپ بېرىلگەن. شۇنداقلا بۇ غايەت زور ئېغىرلىقتىكى بىر قازان لەغمەن دۇنيا جېننىس رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.[8] دېمەك ئۇيغۇرلار قازاق ئېلىدە لەغمىنى بىلەن تونۇلغان!



2. رەسىم: ئالمۇتا ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئالدىدا تەييارلانغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ لەغمەن .

(8) دۇنيادىكى ئەڭ زور لەغمەن ئالمۇتىدا ھازىرلاندى
Самый большой в мире лагман приготовили в Алматы
**http://rus.azattyq.org/a/26988849.html**
**https://www.youtube.com/watch?v=neys7K2WJGs**
**https://tengrinews.kz/strange_news/samyiy_bolshoy_v_mire_lagman_prigotovili_v_almatyi_274121/https**://tengrinews.kz/strange_news/samyiy-bolshoy-v-mire-lagman-prigotovili-v-almatyi-274121/
دۇنيادىكى ئەڭ زور لەغمەن قازاقىستاندا بارلىققا كەلدى
http://www.nur.cn/news/2016/04/286538.shtml

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قىرغىزىستاندا لەغمەن بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار

گەرچە تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن قىرغىزلار ئۆزبېكلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولمىسىمۇ ئەمما ئورتاق شېرىك بولىدىغان تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيەت مەنبەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولغان، ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك باغلىنىشلىقى بار بىر قېرىنداش مىللەتتۇر. بولۇپمۇ تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تارىخىي ۋە بۈگۈنكى ھەر ساھەلەردىكى باغلىنىشلىرى بىر قەدەر قويۇقتۇر. بۇ ئەلۋەتتە قىرغىزلارنىڭ ھازىر ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە قىرغىزلار 13 - ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغاندىن بۇيان ئۇلار ئاساسلىقى تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرى ھەم ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدىكى ئوت - چۆپ ۋە سۇلىرى مول يەرلەرگە ماكانلىشىشقا باشلىغان.[9]

تەڭرى تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ ئەڭ ئاۋۋال كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈش بىلەن شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان، ئاساسلىق دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەر ۋە سودا تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربى جەنۇب ئېتەكلىرىدىكى پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكلەر ئەسىرلەردىن بۇيان بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلالماس ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. مانا يۇقىرىدا بايان قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيىنىڭ مەركىزىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ئېتنىك، تىل، تارىخىي، دىنى ۋە جۇغراپىيەلىك باغلىنىشلىرى بۈگۈنكى مۇستەقىل تۈركىي دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىن يەنى سىياسىي چېگرا سىزىقلىرىنىڭ كېڭەشلەر ئىتتىپاقى ۋە خىتاي دۆلەتلىرى تەرىپىدىن سىزىلىشىدىن بۇرۇنقى ھالدا

---

(9) 9 قىرغىز خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى - قىرغىزلار 13 - ئەسىردە مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سايان ۋە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

Origins of the Kyrgyz people

With the rise of the Mongol Empire in the 13th century, the Kyrgyz migrated south. Plano Carpin, an envoy of the Papal states, and William Rubruck, an envoy of France, all wrote about their life under the Mongols. Various Turkic peoples ruled them until 1685, when they came under the control of the Oirats (Dzungars).

https://en.wikipedia.org/wiki/History_of_Kyrgyzstan

سىزىپ بېرىلىشىدىن بۇرۇن ئۇشبۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان گۈللەنگەن يىپەك يولىنىڭ ئىگىسى ۋە ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيەت ئورتاقلىقلىرىغا قايتىدىن ۋارىسلىق قىلىش، ئۆزئارا سودا ـ تىجارەت ئالاقىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش، ئەركىن كۆچۈپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاش قاتارلىق ھايات پائالىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە «تۈركىستان» دىن ئىبارەت بۇ كەڭ تۇپراقلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە ئورتاق ئانا ماكان دەپ بىلىشتەك بىر سىياسىي جۇغراپىيەلىك ئۇقۇملار شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى.[10]

جۈملىدىن دىنىي ئېتىقادى ئىسلام بولغان بۇ تۈركىي تىللىق ۋە مەدەنىيەتتىكى مىللەتلەرنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆمۈرلەر، سەئىدىيە خانلىقلىرىدىن تارتىپ تاكى رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىشىغا قەدەر بولغان ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ خەلقلەر ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ۋە تۈركلۈك ئۆزلۈك تونۇشى بىلەن بىر ـ بىرلىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇپ ئىناق ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارمۇ تارىختىن بۇيان يەتتىسۇ، ئىسسىق كۆل ۋە پەرغانە ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۇنياغا جۇغراپىيەۋى ئاتالغۇسى بويىچە «ئوتتۇرا ئاسىيا» دەپ تونۇلغان بۇ كەڭ زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى دەپ بىلىپ ياشاپ كەلگەن ئىدى.

ئەگەر بىز تارىخقا نەزەر سالساق، 9 ـ ئەسىردە بۈگۈنكى قەشقەرنى «ئوردۇ كەنت» دەپ نام بېرىپ پايتەخت قىلىپ قۇرغان، تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان، 13 ـ ئەسىرگە قەدەر 300 يىلدىن ئارتۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىياسىي بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى ئۆزىنىڭ پايتەختلىرى قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تارىخلىرى يۇقىرىدا ئېيتقان بايانلىرىمىزنى تولۇق دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.[11]

(10) تۈركىستان دېگەندە يېقىنغىچە خەلقىمىز يەسسەۋى شەھرىنى، (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى) تۈركىستان ناھىيىسىنى چۈشۈنۈپ كەلدىلەر. تۆۋەنكى ئالتە مىليون كۋادرات كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان بىر يۇرت تۈركىستان ئىكەنلىكىنى، ئون بىر مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مەركىزى تەڭرىتاغ ۋە تۈركىستان ئىكەنلىكىنى، تارىختا يۈز يىگىرمىگىچە يېقىن دۆلەت ۋە سەلتەنەتلەر قۇرغان پۈتۈن تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارقالغان جايى، ئاتا يۇرتى ئىكەنلىكىنى، ھەممە تۈرك ئەللىرى قانداش، قىسمەتتداش، پاجىئەداش ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇق. «ھۆر تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. كىتاپ ئاپتورى: تاھىر قاھار، ئۆزبېكىستان تاشكەنت چولپان نەشرىياتى 1994 ـ يىلى. ISBN 5-8250-0393-2

(11) قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئىدى. قەشقەر «ئوردۇكەنت» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، خان شاھلار تۇرىدىغان مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئاپراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان.(مەھمۇد قەشقىري »تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم). قەشقەر ئەڭ قەدىمىي شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانى قەشقەر–ئوردۇكەنتتە تۇراتتى. بالاساغۇن قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى ئىدى. 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيشونلاردىن مۇقەددەسى بالاساغۇن ھەققىدە توختىلىپ: «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەبىرىچە «قۇز ئوردۇ بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر.

www.uyghurkitap.com



دېمەك بۇ يەنە بۈگۈن قىرغىزىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان ۋە 25 ياشا كىرگەن مۇستەقىل قىرغىز دۆلىتىدە ئۇيغۇرلار ھايات ئىزلىرىنىڭ قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتاغلىرىغا چىڭگىزخان موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ ئالدى كەينىدە مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تارىخىدىنمۇ نەچچە ئەسىرلەر بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. [12]

مانا شۇ ۋەجىدىن گەرچە بۈگۈنكى قىرغىزىستان دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي نوپۇسىنى 50 مىڭ دەپ بىلدۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما غەيرى - رەسمىي مەنبەلەردە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ كەم بولغاندىمۇ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىدۇ. ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى قاراقول، غەربىدىكى توقماق شەھەرلىرى ھەم پەرغانە ۋادىلىرىغا تۇتاشقان ئۆزگەن، ئوش، ئەنجان [13]

---

بالاساغۇن شەھىرىمۇ قۇز ئوردۇ دېيىلىدۇ ». - ھاجى نۇرھاجى تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

(12) **بۇ ماقالىدىكى ٩. ئىزاھاتقا قارالسۇن.**

(13) 13«ئۈچ» ـ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك »، شۇنداقلا «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي رەشىدى ـ زەيلى»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «ئۈچ» كە دائىر مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ھازىرقى ئۇچتۇرپان، ئاقچى ۋە ئونسۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلار قەدىمدە «ئۈچ»دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جايلارنىڭ قەدىمدە «ئۈچ» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا، 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، جاھان تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مەنبەلەر بېرىلگەن. (تارىختا «ئۈچ» دەپ ئاتىلىپ، يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەر سەۋەپلىك يەنى ئۈچ خەلقى مانجۇ-چىڭ ئىستىلاچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى مىلادى 1765 ـ يىلى رەھمىتۇللا بەگ ۋە ئەسمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. بۇ قوزغىلاڭ «جىگدە يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن ئاھالىلەر بۇ يېغىلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مانجۇ-چىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۇرپان، پىچان ۋە قومۇل قاتارلىق يەرلەردىكى ئۈچ يۇرتتىن ئۈچ شەھىرىگە مەجبۇرى ئاھالە يۆتكەپ، نوپۇسى شالاڭلىشىپ كەتكەن يېزا-قىشلاقلارنىڭ تولدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتنىڭ نامى ـ ئاھالىسى تۇرپاننىڭ ئۈچ يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن مەننى ئىپادىلەپ «ئۇچتۇرپان» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك تارىختا «ئۈچ» دەپ ئاتالغان، كېيىن نامى «ئۇچتۇرپان» غا ئۆزگەرگەن بۇ يۇرتنىڭ غەربىدە 300 كىلو مېتىرچە يىراقتا پەرغانە ۋادىسىنىڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يۇرتمۇ ئوخشاشلا بىر نامدا «ئۈچ» شەھرى دەپ ئاتىلاتتى. بۈگۈنكى قىرغىزىستانغا تەۋە بۇ شەھەر «ئۈچ» ھازىر قىرغىز تەلەپپۇزىدا «ئوش» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.)

http://gumadiyari.com/bbs/archiver/tid-9434.html
http://bbs.weiwuer.com/forum.php?mod=viewthread&tid=7
http://bbs.weiwuer.com/forum.php?mod=viewthread&tid=7

ئالىم مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ بۇ ئۇچيۈز توقسانبەش بەتلىك سەرخىل ئەسىرى «تارىخى ھەمىدىي» دە يەر ئىسمى «ئۇچتۇرپان» نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئۆزگىرىپ «ئۇشتۇرپان» بولۇپ قېلىش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇشتۇرپان قەدىم، كونا شەھەردۇر. ئىلگىركى ئاتى ‹ئۈچ› ئىكەن. مەنسۇرخان زەمانەلەرىدە ، ئادەملەرى بىئەدەبلىك قىلىپ، ئىتائەتتىن چىققان توغرادىن كايىب ، ئەمرۇل ئۇمەرا ئەمرى جەببار بەردى بەگ دوختۇيىنى لەشكەرلەرى بىرلە ئىبەرتىپ ، ئۈچ ئەھلىنى قەتلىئام قىلىپ، باقمەندەسىنى يۇرت – يۇرتقا تارقاتىپ ئەتىپ، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ ئالىپ كەلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاباد قىلغان ئەكەن. بۇ ۋەجھدىن ، كەنت ـ ئايماقلارىنىڭ ئىسم–ـ ناملارى تۇرپاننىڭ كەنت – ئايماقلارى ئىسمى بىرلە مۇسەممادۇر : ‹ئۈچ› لەفزىغا ‹تۇرپان› لەفزىنى مۇنەززەم ئەتىپ، ‹ئۇچتۇرپان› دەپدۇر. بەلكى ئەغلاتى ئاممە بىلەن ‹ئۇشتۇرپان› ئاتاپتۇر» (قاراڭ: ‹تارىخى ھەمىدىي› قولىيازما، 342- بەت، 7 –ـ 13 ـ قۇرلار.)

يېشىمى: ئۇشتۇرپان ـ قەدىمى بىر شەھەر بولۇپ، بۇرۇنقى نامى ‹ئۈچ› ئىكەن. مەنسۇرخان زامانىسىدا، خەلقى خاننىڭ ئەمىر–ـ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك، خان باش قوماندان، زالىم سەركەردە، بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۈچ خەلقىنى ئومۇمىي قىرغىن قىلغان. قىلىچتىن ئېشىپ قالغانلىرىنى يۇرت ـ يۇرتقا تارقىتىۋەتكەن. كېيىن، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاۋاتلاشتۇرغانىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ نامى تۇرپاننىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان، يەنى ‹ئۈچ› سۆزىگە ‹تۇرپان› سۆزى قوشۇلۇپ، ‹ ئۇچتۇرپان › دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ھەر ھالدا، كېيىنچە، ئاۋاملارنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە ‹ئۇشتۇرپان› بولۇپ قالغان). ئالىم مۇسا سايرامىي بۇ يەردە، بىرىنچىدىن، ئەسلىدىكى «ئۇچتۇرپان» دىكى «چ» تاۋۇشىنىڭ ئاۋام خەلق تىلىدا «ش» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئاۋاملارچە خاتا تەلەپپۇز (ئەغلاتى ئاممە) دەپ ئاتايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇخىل ئاۋام خەلق تىلىدىكى خاتا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنىڭ

قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ياكى ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان، كېيىن كېڭەشلەر ئىتتىپاقى دەۋرلىرىدىكى سىياسىي بوران - چاپقۇن سەۋەبلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كىملىكلىرىنى «ئۆزبېك» دەپ يازدۇرغان ئائىلىلەرنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.[14]

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مەن 2015 ۋە 2016 - يىللىرى ئىسسىق كۆلنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرقتە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ توققۇزتارا ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان، 150 كىلومېتىرلىق مۇساپە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان قاراقول شەھىرىگە بارغىنىمدا بۇ شەھەردىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچرىششلاردا بولدۇم. شۇ قېتىملىق سەپەردە قاراقولدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىنى يېزەكى بولسىمۇ ئۆگىنىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئېرىشتىم. 2009 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا قاراقول شەھىرىدە 67،100 ئاھالە ياشايدىكەن.

كېيىنچە، يېزىق تىلىغىمۇ كۆچۈپ، ئەسلىدىكى «ئۇچتۇرپان» نىڭ «ئۇشتۇرپان» قىلىپ يېزىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆرسەتكەن. مېنىڭچە، بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئاشۇ بىر ئەسىر بۇرۇنقى «چ ← ش» ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى بۈگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك دەرس ۋە پايدىلىق ساۋاق چىقىرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.
http://ijtihat.blogspot.co.uk/2009/03/blog_post_19.html

(14) -14 1923- يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە يوللىغان دوكلاتىدا، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، يەتتىسۇ رايونىدا 265 مىڭ، سىر دەريا رايونىدا 30 مىڭ، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەنتتە 2500 بولۇپ، جەمئىي 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 1924 - يىلىدا، قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تونۇلغان جامائەت ۋە سىياسىي ئەربابلاردىن بىرى قادىر ھاجى تۈركىستاندا 435 مىڭ ئالتىشەھەرلىك بار دەپ يازغان. تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيسى بۇرھان قاسىموف، 1924 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنى قوشساق بىر مىليوندىن ئاشىدۇ، دەپ يازغان. شۇ يىلى، يەنە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى مەلۇم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇماتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۆزبېكىستاندا 300 مىڭ، قىرغىزىستاندا 70 مىڭ، قازاقىستاندا 115 مىڭ، تاجىكىستاندا 15 مىڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانلار ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىدە بولۇپ، تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان بىلەن قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى رۇسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە بولۇپ، ئۇلار تېخى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنىڭ سىياسىي خەرىتىسى دەسلەپكى قەدەمدە سىزىلغان ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1925 - يىلى، ئۆزىنىڭ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ ھېسابلايدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق توپلىغانلىقى ۋە قايسى مەنبەلەردىن ئىگىلىگەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە كېيىنكى قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ئاتقۇرغان يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە 1924 - يىلدىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك ۋە تېررىتورىيە چېگرىلىرىنى ئايرىش بويىچە ھۆكۈمەت كومىسسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشتەك بىر قاتار يۇقىرى سالاھىيىتىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي سانىغا بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ئورگانلىرىنىڭ قولىدىكى سانلىق ئۇچۇرلار ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ھەم ئېتنىك سىياسىي پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. نەبىجان تۇرسۇننىڭ «پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. مەنبە: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تورى -

http://www.akademiye.org/ug/?p=705

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاراقول شەھرىدە ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقان يىگىت بېشى خاملىد ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە بۈگۈنكى كۈندە قاراقولدا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشايدىكەن. خالمىد ئاكا قاراقولدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراقول شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى ئاقسۇ قاتارلىق يېزىلارنى قوشۇپ ھېسابلىساق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپ. ئەمما 1940 ۋە 1950 - يىللىرىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار سوۋېتنىڭ سىياسىي تەقىبلىرى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى ئۆزبېك دەپ يازدۇرۇۋەتكەنلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن مېنىڭ دادام 1950 - يىللىرىنىڭ بېشىدا توققۇزتارادا بولغان پومېشچىك بايلارنى ئېتىش ھەرىكىتىدە ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر كېچىدە بىزنى ئېلىپ ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن يوشۇرۇن چېگرادىن ئۆتۈپ قاراقولغا كەپتىكەن. كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتايغا قايتۇرۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ مىللىتىنى ئۆزبېك دەپ يازدۇرۇپتىكەن. شۇڭا گەرچە مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر بولسىمۇ ئەمما پاسپورتۇمغا ئۆزبېك دەپ يېزىلىپ كەتكەن. مانا ئىشەنمىسىڭىز مېنىڭ پاسسپورتۇمنى كۆرۈپ بېقىڭ!»

مەن قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەك شەھرىدە 1999 - يىلى بىر يىلغا يېقىن ياشىدىم ۋە بۇ جەرياندا مەندە ھازىرقى زاماندىكى قىرغىز ۋە قىرغىزىستان چۈشەنچىسى دەسلەپتىكى قەدەمدە پەيدا بولدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە رەتلەپ قىرغىزىستانغا سەپەر قىلدىم. قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن بۇيانقى 25 يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىملاپ خەلق ئىنقىلاب قوزغاپ ھاكىمىيەتنى ئۆرۈلاتقان، جەمئىي تۆت پىرېزىدېنتىنى رۇسىيەگە سۈرگۈنگە ھەيدىۋېتىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ دېموكراتىك دۆلەت نامىغا ئېرىشكەن بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلىرىنى ئۆگىنىش ئۇيغۇر مەنتىقىسىدىن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. قىرغىزىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەت بولۇپ، ئۆزىدە تەبىئىي بايلىق ۋە ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ كەملىكىدىن دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا - سانائىتى رۇسىيە ، خىتاي ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۈچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش مۇددىئالىرىدا تەگرى تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرىدىكى ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان بىلەن چېگرالىنىپ تۇرىدىغان بۆلەكلىرىدىكى كان بايلىقلىرىنى ئېچىش بويىچە كانادا ۋە خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىۋاستە

ئېچىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەبلەغلەرنى قوبۇل قىلدى. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىرغىزىستان ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ كەسپىي ساياھەتچىلىك ساھەلىرىنى تىز تەرەققىي قىلدۇرغان.

قىرغىزىستانىنىڭ ئاساسلىق ساياھەت رايونلىرى ئىسسىق كۆل بىلەن قاراقول ۋە نارىن ئەتراپلىرىدىكى تەڭرى تاغ ئېتەكلىرىنى مەركەز قىلغان. يەنە شۇ مەقسەتلەر بىلەن قىرغىزىستان يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەرب دۆلەتلىرى پۇقرالىرى ئۈچۈن بىردەك بىر ئايلىق ۋىزىسىز ساياھەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ تەدبىرلەر ئەمەلىيەتتە قىرغىزىستان سايەھەتچىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان.

مەن ئەنە شۇ غەرب ئەللىرى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئاي ۋىزا رەسمىيەتسىز قىرغىزىستانغا كېلىش ئىمتىيازلىرى بىلەن 2015 - يىلى خىزمەت ۋە ساياھەت مەقسەتلىرىدە قىرغىزىستانغا كەلدىم. ساياھەت ئۈچۈن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى روس ساياھەتچىلىرى ئانچە بېرىپ كەتمەيدىغان، تامغا رايونىغا قاراشلىق كۆل بويىغا جايلاشقان، بىر قىرغىز ئائىلىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان خىلۋەت ئارامگاھىغا بېرىپ بىر ھەپتە ئارام ئالدۇق.

تۆت ئەتراپى ئاق باش تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرى بىلەن تولۇلغان، بۇ سېھىرلىك ئىسسىق كۆل تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشكە ئەڭ ناتىق تىلمۇ كەملىك قىلاتتى. بىز تۇرىدىغان بۇ ئارامگاھ بىر كىچىك قىرغىز كەنتى بولۇپ بۇ يەردىكى ئاھالىلەر چارۋىچىلىقتىن باشقا ئاز - تولا دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ كەنتتە ئۆرۈك بىلەن ئالمىلار ناھايىتى ياخشى مېۋە بېرىدىكەن. ئارامگاھ بىز ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۈچ ۋاقلىق تاماق ھازىرلايتتى. ئارامگاھ خوجايىنى ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان، سوۋېت ۋاقتىدا ھاۋا ئارمىيە ئۇچقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان يېشى 70 لەرگە يېقىنلاشقان ئەمما ھالىتىدىن تېتىكلىكى، خۇش پېئىللىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر قىرغىز كىشى ئىدى.

مەن دەسلەپتە بۇ ئاكىمىز بىلەن قىرغىزچە، بەزىدە ئىنگلىزچە پاراڭلىشاتتىم. ئاكىمىزنىڭ تۆت پەرزەنتى بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈچى قىز، بىرسى ئوغۇل ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىشكەكتە ياشايدىغان بولۇپ، ياز ۋاقىتلىرى بالىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ھەممىسى مۇشۇ ئائىلىۋى ئارامگاھىغا كېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىدىكەن. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا خوجايىنىنىڭ چوڭ قىزى راۋان ئىنگلىزچە سۆزلەپ بىزنى قىزغىن كۈتتۈۋالدى. چىنارا [15] بىشكەكتىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا چىنارا قىرغىزچە ئۇسلۇبتا تەييارلانغان سۈلۈق لەغمەن بىلەن نان، مېۋە - چېۋىلەر ۋە چاي قاتارلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى پەتنۇستا ئالدىمىزدىكى شىرەگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بىزمۇ تاماقلارغا ئېغىز تەگكەچ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تاغدىن - باغدىن پاراڭلىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق.



3 - رەسىم: تەڭرىتېغىنىڭ كۆزى - ئىسسىق كۆل مەنزىرىسى

## دىيالوگ 2:

چىنارا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ماڭا ئىنگلىزچە گەپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئارىمىزدا بولۇپ تۇرىدىغان پاراڭلاردا ئاددىي سۆزلەرگە مەن ئۇيغۇرچە جاۋاب قايتۇراتتىم. ئۇ بۈگۈنكى پارىڭىمىز داۋامىدا مەندىن تۇيۇقسىزلا: «- سىزنىڭ مىللىتىڭىز

(15) شەخسىيتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلى ئىسمى چىنارغا ئۆزگەرتىپ بېرىلدى.

نېمە؟» دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن «- مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر، مېنىڭ ئۆيۈم بۇ كۆرۈنۈۋاتقان ئاۋۇ ئاق باش تاغنىڭ كەينىدە ... » دېدىم ئىنگلىزچە. بىزگە ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بۇ خانىمنىڭ چىرايىنىڭ تىزدىن ئۆزگەرگەنلىكىنى سەزدىم. چىنارا شۇ دەقىقىدە خۇددى سۆزۈمگە ئىشەنمىگەندەك بىر جىددىي قىياپەتتە «- ھە سىز ئۇيغۇر دەڭ ئەمما سىز ئەنگلىيەدىن كەلدىڭىزغۇ؟» دېدى. مەن «- شۇنداق خانىم، مەن بىرىتانىيەلىك ئۇيغۇر، لوندوندىن كەلدىم. ئۇيغۇرلارغا قىرغىزلاردەك بىر كىچىدىلا تۇيۇقسىز دۆلەت تەلىيى كەلمىگەچكە، ۋەتىنى يوق. بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلانغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار غەرىبتە ياشايدۇ، مەنمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن. لوندوندا مەندەك كۆچمەنلەر كۆپ. سىز مېنى بىرىتانىيەلىك ئۇيغۇر دەپ چۈشەنسىڭىز بولۇۋېرىدۇ». چىنارا خانىم بۇ سۆزۈمگە قانداقتۇر ئىشەنمىگەندەك سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن «- ھەم مۇنداق دەڭ، سىز ئۇنداقتا خىتايدىنمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئاۋۋالقى جاۋابىمنى يەنە تەكرارلاپ «- ياق، مەن سىز دېگەن ئۇ خىتايدا ئەمەس، ئۇيغۇرىستان دېگەن ۋەتەندە تۇغۇلغانمەن. ھازىر بۇ ۋەتەن خىتاي دېگەن دۆلەتنىڭ سىياسىي باشقۇرۇشىدا» دېدىم. ئەمما مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن چىنارا ناھايىتى نارازى بولغان بىر قىياپەتتە «- سىلەر ئۇيغۇرلار ھەممە يەرگە تارالغان ۋەتىنى يوق خەلق، سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەندىن باشقا نېمىسى بار؟» دېدى جىددىي بىر كەيپىياتتا. مېنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابنى ئاڭلاپ كەيپىياتىم تىزلا ئۆزگەن بولسىمۇ ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، تەمكىنلىك بىلەن «- سىز بىلەمسىز، بىز ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلار ئەلمىساقتىن تارتىپ قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرمىز، بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ۋە قىرغىز خەلقلىرى نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنى تەڭ ياراتتى. سىز ئېيتقاندەك بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر شەھەرلەشكەن ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان مىللەت بولغىنى ئۈچۈن سىز ۋە بىز يەۋاتقان مۇشۇ لەغمەننى ئۇلارنىڭ ياراتقىنى راست، ئەمما ئۇيغۇرلار سىز بىلگەندەك بىر ۋاق قورساققا يەيدىغان تاماقنى ئەمەس، پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنى ھەم ياراتتى. سىز مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىي قاتارلىق ئالىملىرىمىز ھەققىدە ئاڭلاپ باققانمۇ؟ » دېدىم. چىنارا جاۋابەن «- يۈسۈپ بالاساغۇنى دەمسىز. ئۇ بىز قىرغىزلارنىڭ ئالىمى، مۇشۇ ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى بالاساغۇن دېگەن يەردە تۇغۇلغان ... سىلەر ئۇيغۇرلار بەك يامان ئۇرۇشقاق خەق، بىز قىرغىزلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارىختا كۆپ ئۇرۇشقان سىلەر، بىز سىلەرنى مەغلۇپ قىلغان.... ئەمدى مۇشىنىڭغىمۇ تەن بەرمەي بوۋىمىز يۈسۈپ بالاساغۇنى بىزنىڭ دەپ تالىشىۋاتىسىلەر....» دەپ بىر ھازا ماڭا سۆزلەپ كەتتى. مەن بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ياخشى نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى، ئاخىرىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يەتتىم. يېنىمىزدا بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئايالىممۇ «-بولدى قىلىڭلار، بۇ ھەقتە تالاشماڭلار! پايدىسى يوق!» دەپ سۆھبىتىمىزنى توستى. مەن شۇ ئەسنادا چىنارغا «- سىز بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئەللىمەسى ئىكەنسىز. سىزنى ھۆرمەتلەيمەن ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ياخشى بىلمەسلىكىڭىز مېنى ئەپسۇسلاندۇردى. سىزگە بۇ ھەقتە بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە كىتاب ئوقۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. كەچۈرۈڭ، بۇ سۆھبەتنىڭ سوغۇق ئاياغلىشىشىنى خالىمايمەن، سۆھبىتىمىزنى مۇشۇ يەردە توختىتايلى! » دەپ گېپىمنى ئاياغلاشتۇردۇم.

شۇ قېتىملىق كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن «سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەندىن باشقا نېمىسى بار؟» دېگەن بۇ كەلىمە قۇلىقىمدا نەچچە قېتىملاپ تەكرارلاندى.... بۇ سورالغان سوئال مەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنىڭ لەغمەنگە باغلىنىپ شەرھلىنىشىنى ئاڭلىشىم ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن بۇ سۆھبەت مېنىڭ خاتىرەمدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆتۈرۈلمىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن «بىز ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىز، قازاق ۋە ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا لەغمىنىمىز بىلەن شۇ قەدەر تونۇلۇپ كەتتۇقمۇ زادى؟ مەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىشىم كېرەك !» دېگەن قارارغا كەلگەن ئىدىم.

مانا شۇ مەقسەتلەر بىلەن مەزكۇر تېمىمىزنىڭ نېگىزى بولغان «لەغمەن » گە باغلانغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدە ئىزدىنىشلىرىمنى داۋام قىلدىم. مەن بۇ ئۈچ دۆلەتتە ئېلىپ سەپىرىم جەريانىدا ئۇچۇراشقانلىكى يەرلىك كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە لەغمەن ھەققىدىكى ئىنكاسلىرىنى مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا تىرىشتىم.

قىرغىزىستاندا بۇغداي ئۇنى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر تائاملىرىدا پەقەت لەغمەنلا بۇ دۆلەتتىكى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان. گەرچە ھازىرقى تاماقلارغا قارىغاندا كۆپ ئاز ئىستېمال قىلىنغان بولسىمۇ بۇ تاماقنىڭ

داڭقى كېڭەشلەر ئىتتىپاقى ۋاقتىدىلا چىقىشقا باشلىغان.[16]

بىز شۇ قېتىم ئىسسىق كۆل سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ بىشكەكتە ئىككى ھەپتە تۇردۇق. بۇ جەريانلاردا بىشكەك شەھىرىدىكى ھەر ساھە ئۇيغۇر جامائەتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق ۋە ئۇلار ئارقىلىق بۇ شەھەر بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشتۇق.

راست، ئۇيغۇرلار قىرغىزىستاندا لەغمىنى بىلەن قازاقىستاندىنمۇ بەكرەك تونۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بىر مىليونغا يېقىن ئاھالە ياشايدىغان تاغ باغرىدىكى بۇ شەھەرنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، ئۇيغۇرلار بۇ شەھەردە ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئېسىل ئۇيغۇر رېستورانلارنى بەرپا قىلىۋېتىپتۇ. بىشكەك شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىلىرىدە «ئارزۇ»، «دىيار»، «ئاركادا»، «فايئىزا»، «مەھمۇت قەشقەرى»، «ئاتۇش»، «ئەنجۈر»، «ئۈرۈمچى» قاتارلىق يۈزگە يېقىن چوڭ ـ كىچىك ئۇيغۇر رېستورانلىرى بار ئىكەن. بىشكەكتىكى ئەڭ ئېگىز بىنالارنىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سېلىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچى، ئاتۇش، قەشقەر ۋە غۇلجىلاردىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بىشكەكتە سودا ـ سانائەت، قۇرۇلۇش، يېمەك ـ ئىچمەك ساھەلىرىدە تۈرلۈك ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇپتۇ. ئاساسلىق ئاتۇش ۋە قەشقەردىن كەلگەن سودىگەرلەردىن تەشكىللەنگەن، قىرغىزىستانلىق يەرلىك ئۇيغۇر تىجارەتچى تۇرسۇن تاي ئەپەندى تەرىپىدىن «مادىنا» نامىدىكى كاتتا بىر سودا بازىرى قۇرۇلۇپتۇ.[17]

خىتاي ۋە قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەت ئالاقىلىرى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاتۇشنىڭ تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چېگرا سودىسى قاتارلىق تىجارىي مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ،

(16) «ئۇيغۇر لەغمىنى ۋە باشقا چۆپ تاماقلار» (ئوتتۇرا ئاسىيا ئاشپەزلىك ھۈنىرى ھەققىدە تەپەككۇرلار)، ئاپتورى نىكول رودا. فرانسىيەدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىل قىش 4 ـ سانى. 5 -ـ6 ـ بەتلەر.

(17) بىشكەكتىكى گۈللىنىۋاتقان «مەدىنە» بازىرى ـ قىرغىزىستانىنىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدىن كەلگەن تىجارەتچىلەرنى ئاساس قىلغان «مەدىنە» بازىرى قىرغىزىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال بازارلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردە مەخسۇس ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇرۇلغان بىردىن ـ بىر بازار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مەدىنە» بازىرى 2002 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى مىللەتپەرۋەر كارخانىچى تۇرسۇنتاي سەلىموۋنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، بازار قۇرۇلغان 14 يىل داۋامىدا كىچىكلىكتىن زورىيىپ، سودا ـ سېتىق، تاۋار يۆتكەش، تىككۈچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى، بانكا مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن سودا مەركىزىگە ئايلاندى.
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/iqtisad/bishkek_medine_baziri_02262016185201.html

قىرغىزىستاندىكى «مەدىنە»
http://uyghur.people.com.cn/157570/15408997.html

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان خوسۇسىي ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ ئوينىۋاتقان رولى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. خىتاينىڭ چوڭ شىركەتلىرى قىرغىزىستاننىڭ ئاساسلىق ئۇل - ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىدىن تارتىپ قاتناش - ترانسپورت ، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ساھەلەرگە كۆپلەپ مەبلەغلەر سېلىپتۇ ۋە بىرلەشمە كارخانىلارنى ئېچىپتۇ.

**دىيالوگ 3:**

2016 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر ئاقساقال ئاكىمىزنى ئائىلىسى بىلەن بىشكەكتىكى ھۆكۈمەت بىناسى «ئاق ئۆي» نىڭ يېنىغا جايلاشقان «ئارزۇ» رېستورانىغا چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدىم. شۇ كۈنى يولدا رېستورانغا كېلىش ئۈچۈن يولدىن بىر تاكسىنى ئالدىراش يولدىن توستۇم. تاكسى شوپۇرى 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بېشىغا قىرغىزلارنىڭ قىزىل گۈللۈك دوپپىسىنى كىيىۋالغان، ئۇزۇن ساقال ئۆستۈرۈۋالغان بىر كىشى ئىدى. مەن تاكسىدا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كىرا ھەققىنى 100 قىرغىز سومغا (1 يېرىم دوللار ئەتراپىدا) كېلىشىۋالغاندىن كېيىن يوروپ كەتتۇق.

«- سالامۇئەلەيكۇم ئاكا! سىزنىڭ بۇ تۇرقىڭىزدىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. مەنمۇ سىزدەك بىر مۇسۇلمان. سىزدىن سوراپ باقاي - سىز سوۋېت ۋاقتىدىمۇ مۇشۇنداق مۇسۇلمانمىدىڭىز؟» دېدىم. تاكسى شوپۇرى ماڭا جاۋابەن «- جوق ئۇكە، مەن رەسمىي مۇسۇلمان بولغىلى 3 يىل بولدى. ئەلھەمدۇلىللا ... سىز ئۆزبەكمۇ؟» دەپ مەندىن سورىدى. ئېھتىمالىم ئۇ مېنىڭ تەلەپپۇزىمدىن شۇنداق دەپ ئويلىغاندۇ، دېمىسىمۇ بىر ئاڭلاشتا ئۇ مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىدۇ ئەمما تەلەپپۇزۇم قىرغىزچىغا ئوخشىمىغاندىكىن شۇنداق سورىغاندۇ. «- ياق ئاكا، مەن ئۇيغۇر!» دېدىم. بۇ تاكسى شوپۇرى بىر قولىدا ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، ئەگەر قاتتىقراق بىر قاقمىغا چۈشسە چاقى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان سوۋېتنىڭ داڭلىق لادا ماركىلىق پىكاپىنىڭ رولىنى يېنىككىنە ئايلاندۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا گەرچە ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئەمما بۇلۇق ئۆسمىگەچكە شالاڭلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ «- بىز قىرغىزلار ئۇلۇغ خالقمىز. ئاللاھ بىز قىرغىزلارنى ياراتقاندىن كېيىن، قىرغىزنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ئاۋۋال قازاقنى، سول تەرەپتىكى قوۋۇرغىسىدىن ئۇيغۇرنى يارىتىپتىكەن. شۇڭا بىز

ھەممىمىز مۇسۇلمان، شۇڭا بىز بىر - بىرلىرىمىزنىڭ تىلىنى ياخشى چۈشىنىشىدىغان تۇغقان خالقمىز ...». ئۇ گېپىنى قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە تەلىيىمگە يارىشا تاكسى «ئارزۇ» رېستورانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ ماشىنىنى توختىتىشىغىلا، مەن تاكسى ھەققىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، «- ئامان بولۇڭ ئاكە!» دېدىم ۋە ئالدىراش قانداقتۇر خىياللارنى ئېسىمگە كەلتۈرگەچ رېستوران ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

## ئۆزبېكىستاندا لەغمەن بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار

ئۆزبېكىستان ماڭا بالىلىق ۋاقتلىرىمدىن تارتىپ ئەڭ تونۇشلۇق ۋە ئەڭ سىرلىق بىر يەر ئىدى. مەن ئابدۇللا قادىرىينىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان» قاتارلىق رومانلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان ئۆزبېك خەلقى ۋە سوۋېت ئۆزبېكىستانى ھەققىدە يۈزەكى كىتابىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان ئىدىم. كېيىن «ئۇلۇغ بەگ»، «بابۇرنامە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزبېك خەلقى ۋە پەرغانە تارىخى ھەققىدە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىرقىي، تىل ۋە مەدەنىيەتتىكى ئورتاقلىقى، ئېتنىك ۋە تارىخىي باغلىنىشلىرى مېنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. مەن شۇ قىزىقىشلارنىڭ تۈرتكىسىدە 2003 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۆزبېكىستانغا تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كەلدىم. شۇ قېتىمقى سەپەردە بىشكەكتىن 1000 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى ئوش شەھىرىگە ماشىنا بىلەن يول ئالغان ئىدۇق. بىز سەپەر داۋامىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغان ئوتتۇرا-جەنۇبىي قىسىملىرىنى ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزگەن ۋە ئوش شەھىرىدە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئوش قىرغىزىستان- ئۆزبېكىستان چېگراسى ئارقىلىق ئەنجانغا كېلىپ ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىغا زىيارىتىمىزنى باشلىغان. مانا شۇ قېتىملىق زىيارەتتىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يىل يەنى 2016 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ھەپتە ئۆزۈم يالغۇز ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا تالىشىشلاردىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلار سەۋەبلىك ئوشتىكى ئۆزبېكىستانغا كىرىش چېگرا ئېغىزى تاقالغاچقا مەن بىشكەكتىن ئايروپىلان بىلەن تاشكەنتكە كەلگەن ئىدىم.

ئۆزۈمنىڭ بىرىتانىيە پۇقرالىقىدىكى ئۇيغۇر بولغانلىقىم سەۋەبلىك ئورۇنسىز ۋە كۆڭۈلمىگەن ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى بولۇپمۇ بىيۇروكرات ساقچى سىستېمىسىنى ياخشى بىلگىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتىم بىلەن كۆپىنچە ھاللاردا چېگرا ياكى يول ئۈستىدىكى كۈتۈلمىگەن تەكشۈرۈشلەردە ساقچى ياكى بىخەتەرلىك خادىملىرى بىلەن بولىدىغان قىسقا پاراڭلاردا سورالغان سوئاللىرىغا قارىتا ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇرۇپ، ماڭا ئىنگلىز تىلىدا گەپ قىلىشنى تەلەپ قىلاتتىم.

مېنىڭ مۇنداق ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىم ئەلۋەتتە سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. 2003 - يىلى مەن ئايالىم بىلەن ئالمۇتىدىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق بىشكەككە قىلغان سەپەر داۋامىدا مۇنداق ئاۋارىچىلىك يۈز بەرگەن ئىدىم. شۇ قېتىم بىزنىڭ قايتىپ كېتىش يولىمىز تاشكەنت - موسكۋا - لوندون بولغاچقا ئالمۇتا ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۇيغۇر كىتابخانىسىدىن خېلى كۆپ كىتابلار سېتىپ ئالغان ئىدىم ھەم بۇ كىتابلارنى ئۆزۈم بىلەن بىللە لوندونغا ئېلىپ كېتىشىم زۆرۈر بولغان ئىدى.

شۇ چاغدا قىرغىزىستان تەرەپ بىزنىڭ يۈك تاقلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ، چېگرا ساقچىسى لىق كىتاب قاچىلانغان بىر چامادانى ئېچىپ كۆردى. ئۇ ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى كۆرگەندىن كېيىن مەندىن رۇسچە بىر نېمىلەرنى دەپ سوئال سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ رۇسچە ياخشى گەپ قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلدىم. ئۇ قىرغىز ئەسكەر ماڭا «-سەن بۇ ئەرەبچە كىتابلارنى قەيەردىن ئەكەلدىڭ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئېكستىرمىزمىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابلار. بىز بۇ كىتابلارنى مۇسادىرە قىلىمىز. سېنىڭ بۇلارنى قىرغىزىستانغا ئېلىپ كىرىشىڭگە ئىجازەت يوق!» دېدى. مەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ «- ياق، بۇ ئەرەبچە كىتابلار ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار. سەن بۇ كىتابتىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمىغاچقا، خەتلىرى ئەرەبچىگە ئوخشىغاچقىلا مۇشۇنداق خاتا يەكۈن چىقىرىۋاتىسەن. بۇ كىتابلار ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر نەشرىياتىدا قانۇنلۇق نەشر قىلىنغان كىتابلار. بۇ يېزىقنىمۇ سوۋېتلار سېنى باشقۇرۇشتى بۇرۇن ئەجدادلىرىڭ قوللانغان يېزىق. ھازىر بۇ يېزىقنى دۇنيا 20 مىليون ئۇيغۇر قوللىنىدۇ... ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدىكى 70 مىڭ قىرغىز ھەم بۇ يېزىقنى قوللىنىدۇ. بۇ دىنىي كىتابلار ئەمەس، ئىلمىي كىتابلار...» دېدىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۆزگىرىپ «- سەن ئەنگلىيەنىڭ پاسپورتىنى قانداق ئالدىڭ؟» دەپ سوراشقا باشلىدى. مەن جاۋابەن «- مەن بىرىتانىيە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن، كېيىن ئۇ يەردە

ئوقۇدۇم، توي قىلدىم، ئۇلارنىڭ پاسپورتىنى ئالدىم. شۇ پاسپورتقا سىنىڭ دۆلىتىڭ ۋىزىسىنى ئېلىپ كەلدىم، مانا ھازىر ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن...» دېدىم كىنايە قىلىپ. شۇ تالاش ـ تارتىشلار بىلەن ئىككى سائەت ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ، ئاخىرىدا شۇ يەردىكى چېگرا باشلىقى بىزنىڭ 30 دوللار بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، بىز پۇلنى بېرىپ، كىتابلىرىمىزنى ئېلىپ بىشكەككە يول ئالغان ئىدۇق.

تاشكەنت ئايرودۇرۇمىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردىكى قاتمۇ ـ قات تۇرۇپ كەتكەن چېگرا ساقچىلىرىنىڭمۇ مەن كۆتۈرۈۋالغان بىرىتانىيە پاسپورتى بىلەن مېنىڭ ئۆزبېكلەرگىمۇ ئاز ـ تولا ئوخشاپ قالىدىغان چىراي تۇرقۇم ۋە مۇسۇلمانچە ئىسمىم ئۇلارنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. شۇڭا مەن بۇرۇنقىدەكلا تەجرىبەم بويىچە ئۆزۈمگە پايدىسىز بىر ئىشلارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن پەقەت ئېنگلىزچىلا سۆزلەشتىم.

ياش بىر چېگرا ساقچىسى مېنىڭ پاسپورتۇمنى كۆرگەندىن كېيىن «ـ سىز ئۆزبېكمۇ؟» دەپ ئۆزبېكچە گەپ قىلدى. مەن «ـ Sorry, can you speak English? Please!» (كەچۈرۈڭ، سىز ئىنگلىزچە گەپ قىلامسىز؟) دەپ ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت پاسپورتىنىڭ ھەممە بەتلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ناھايىتى تەس بىر تەلەپپۇزدا «Waht's your nationality?» دەپ سورىدى. مەن «ـ British» (بىرىتانىيەلىك) دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ دەرھال « No, I mean what's your nationality?» دەپ ئوخشاش سوئالنى تەكرار سورىدى. مەن يەنە شۇ بىر سۆزنى تەكرارلىدىم «ـ British». ئۇ بەرگەن جاۋابىمدىن رازى بولمىغاندەك يەنە «ـ But you have a muslim name, are you muslim?» دەپ سورىدى. مەن «ـ Yes, sir!». ئۇ ھەر قانچە تىرىشىپمۇ مېنىڭدىن ئۆز كۆتكەن مىللىتىمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن ئاخىرى پاسپورتۇمغا ئۆزبېكىستانغا كىرىش تامغىسىنى بېسىپ مېنىڭ چېگرادىن كىرىشىمگە رۇخسەت بەرگەن ئىدى.

مەن ئۆزبېكىستانغا ئارىدىن 13 يىل ئۆتكەندە كەلگىنىم ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ تاشكەنت شەھىرى مەن تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ تاشكەنتكە كەلگەن ۋاقتىم 1 ـ سېنتەبىر ئۆزبېكىستان مۇستەقىللىقىنىڭ 25 يىللىق بايرام كۈنگە بىر ھەپتە قالغان ۋاقىت بولغىنى ئۈچۈنمۇ كوچىلارغا ئۆزبېكىستان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايرىقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش كۆك ۋە يېشىل رەڭلىك تۇغلار ئېسىلغان، رەستىلەر ئۆزبېك بايرىقى بىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك شوئارلىرى بىلەن رەڭدارلىققا تولغان ئىدى.

تاشكەنت كوچىلىرىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشلىرىغا «ئۆزبېكىستان مۇستەقىللىقىنىڭ 25 يىللىقىنى قۇتلۇقلايمىز»، «ئۆزبېكىستاننىڭ كېلەچىكى بۈيۈك بىر دۆلەتتۇر»، «ۋەتەن سەجدىگاھ كەبى مۇقەددەستۇر» دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان، بايرام تەنتەنىسى قىلىۋاتقان ئۆزبېكلەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان تاختايلار دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتتى.[18]

مەن شۇ كۈنى كەچتە بىر دوستۇم بىلەن تاشكەنت شەھەر مەركىزىنىڭ مىڭ ئۆرۈك مېتروسىغا يېقىن يەردىكى شەھرىباز كوچىسىغا جايلاشقان «ئەفسونا رېستورانى» غا تاماققا باردۇق. تائام تىزىملىكىنى كۆرۈۋېتىپ، سلاۋيان يېزىقىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر لەغمىنى» (Уйгурский Лагман) دېگەن خەتنى كۆردۈم دە تائام تىزىملىكىنى يېپىپ قويدۇم. دوستۇممۇ ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ «بىز ئۇيغۇرلارغا لەغمەندىن باشقىسىنىڭ نېمە كېرىكى ھە ...» دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەلۋەتتە بىز ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ قەيەرگە بارمايلى، نەدە ياشمايلى، بىزنىڭ ئۆز تائاملىرىمىزنى دېگۈمىز كەلسە كېلىدۇكى، ئۇنىڭ تەمگە ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھەممە نەرسىسى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇيغۇر بولغان بىر كىشى ئۇيغۇر تائامسىز تائاملارنىڭ لەززىتىنى سۈرەلمەيدۇ. ئۇيغۇر ھاياتى ئۇنىڭسىز غۇربەت، ئۇنىڭسىز تەمسىزدۇر. ئۇيغۇر تائاملىرىمىز بىزنىڭ كىملىك مەۋجۇدىيىتىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن يېيىشلىك ۋە تەملىك بولغان تائام لەغمەن ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇننى تۇتىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تائام بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتكۈل رۇسىيە ۋە غەرب ئەللىرىدە ئۇيغۇرنىڭ نامى تونۇلماقتا. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان رېستورانلارنىڭ تائام تىزىملىكىگە بىلەن «ئۇيغۇر لەغمىنى» دېگەن يېڭى بىر تائامنىڭ نامى تۈرلۈك يېزىقلاردا يېزىلماقتا. بۇ لەززەتلىك ئۇيغۇر لەغمىنى ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدىن يىراق -يىراق ئەللەردىمۇ ئۇيغۇر نامىنىمۇ قوشۇپ لەززەت بىلەن ئىستېمال قىلىنماقتا.

مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە تاشكەنتتىن خىۋاغىچە، ئاندىن بۇخارا -

(18) ئېلخان تۆرە كوچىسىغا زىيارەت:
http//:www.azizisa.org/index.php/2016/09/18/elixan_tore_saguni_kochisida

سەمەرقەنتلەرنى ئايلىنىپ پەرغانە ۋادىلىرىغىچە بولغان ئۆزبېكىستاننىڭ غەرب ۋە شەرقىدىكى ئاساسلىق شەھەرلىرىنى ئىككى ھەپتە ماشىنا بىلەن ئايلاندىم. بۇ سەپەر داۋامىدا نۇرغۇن رېستورانلاردا، ئاشپۇزۇللاردا «ئۇيغۇر لەغمىنى» دېگەن بۇ تائامنى يېيىش ماڭا نېسىپ بولدى. سەپىرىم جەريانىدا مەن مۇئامىلىدە بولغان كۆپلىگەن ئۆزبېك قېرىنداشلارنىڭ خۇددى قازاق ۋە قىرغىزىستاندىكىگە ئوخشاش مېنىڭ ھەققىمدىكى چۈشەنچىسىنى يەنى «ئۇيغۇر» مىللەت كىملىكىمنى ئۆزلىرى بىلىدىغان «ئۇيغۇر لەغمىنى»گە باغلاپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى ۋە مەنمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان ئىدىم. ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى بولسا ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر قىسمەتلىرىگە بولغان كۈچلۈك ھېسداشلىقلىرى ئىدى.

ئەلۋەتتە، تاشكەنتتىكى بىر قانچە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا داڭلىق چارسۇ بازىرىغا يېقىن بىر كوچىدا ئابدۇمجىت ئەپەندى ئائىلىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان «بىنكەنت» ئۇيغۇر رېستورانىغا بېرىپ ھەقىقىي ئۇيغۇر لەغمىنىنى يېيىش ۋە قېرىنداشلار بىلەن دىدارلىشىش پۇرسەتلىرىگىمۇ داخىل بولدۇم. مەن 2003 - يىلى تۇنجى تاشكەنتكە كەلگەن ۋاقتىمدىمۇ بۇ رېستوراندا ئۇيغۇرنىڭ لەغمىنى بىلەن غىزالانغان ئىدىم.



4-.رەسىم: تاشكەنت ئۇيغۇر جامائىتى يىگىت باشلىرى مەشرەپ ئەھلى.

www.uyghurkitap.com



ئۆزبېكىستاندىمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان «ئۇيغۇر لەغمىنى» قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، باش شەھەر تاشكەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستاننىڭ پۈتكۈل چوڭ شەھەرلىرىدىكى مىڭلىغان رېستورانلاردا «ئۇيغۇر لەغمىنى» ئۇلارنىڭ تائام تىزىملىكىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۆزبېكىستان مېدىياسىدا «ئۇيغۇر لەغمىنىنى ئېتىشنى ئۆگىتىش» قاتارلىق تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى كۆرسىتىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر دائىملىق بولۇپ تۇرىدىكەن.[19]

شۇنداق قىلىپ تاشكەنتتە بىر قانچە كۈن ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنى يوقلاش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئالدىراش ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنا بىلەن بىر كۈنى سەھەردە تاشكەنتتىن ماڭا رىۋايەت كەبى بىلىنىدىغان خارەزىمدىكى قەدىمىي شەھەر خىۋاغا تەك بېشىم بىلەن يول ئالدىم. بۇ كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى ئوچۇق-يورۇق خۇشاللىق تۇركمەن يىگىت بولۇپ، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «شادلىق »، كەسپىنى «قاسساپ» دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ۋە لوندوندا ياشايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇلار بىلەن راھەت ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىۋەردىم. مەن ۋە شوپۇردىن باشقا بۇ كىرا ماشىنىسىدا يەنە قازاقىستاندا يايلاقتا مەدىكار ئىشلەپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان ئىككى ياش بىلەن ئۆزىنى خىۋادا يېمەك- ئىچمەك تىجارىتى قىلىمەن دەپ تونۇشتۇرغان ئاتاخان ئىسىملىك يەنە بىر ياش بار ئىدى.

تاشكەنت بىلەن خىۋانىڭ ئارىلىقى 998 كىلومېتىرلىق چۆل-جەزىرىلىك يول بولۇپ، خىۋاغا بارىدىغان يوللار ياخشى بولمىغاچقا 13 سائەتلەر ئەتراپىدا يول يۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن. ئاۋغۇستتىكى كىشىنى ئاسانلا راھەتسىز قىلىدىغان تومۇز ئىسسىق بىلەن گاھى-گاھىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان بوستانلىق مەھەللىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ سەپەرنىڭ يوللىرى ئاساسەن دېگۈدەك چۆللۈك بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا بۇ مەنزىللەر كىشىنى سەپەردىن ئاسانلا زېرىكتۈرەتتى. ئەمما بۇ كىرا ماشىنىسىدىكى بىز بەش يىگىت سەپەر ئۈستىدە ئورتاق تىل تېپىشىپ، ھەممىمىز بىر - بىرلىرىمىزنىڭ ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ھايات ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ

---

(19) ئۆزبېكىستانلىق ئاشپەز دۇنيا جىنس رېكورتى ياراتتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى؛ تاشكەنت 21 - ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى، ئۆزبېكىستانلىق ئاشپەز ھاجىم جانىيىف تونۇگۈن 351.1 كىلوگرام خېمىردىن لەغمەن تارتىپ جىنس دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان. ئىگىلىنىشچە، تارتىلغان چۆپنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئاشقان بولۇپ، ئاخىرىدا كىشىلەر بۇ لەغمەنگە ئېغىز تەگكەن.
مەنبە: http://kshawar.cn/korux.asp?id=1072

بېرىشىپ دېگەندەك سەپىرىمىزنى قىزىقارلىق قىلىپ ماڭدۇق... شوپۇرىمىز شادلىق قاسساپ مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا كىرا ھەققى ئۈچۈن 175 مىڭ سوم بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى ($50 دوللار ئەتراپىدا). ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېك سومىنىڭ خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە بازىرىدىكى قىممىتى تۆۋەن بولغاچقا غەرىبلىكلەر ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرى ناھايىتى ئەرزان تۇراتتى.

مەن ئۈچۈن بۇ سەپەر ئەلۋەتتە بىر تەۋەككۈلچىلىك ئىدى ئەمما سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خارەزىمنىڭ پايتەختى خىۋادا توختايدىغان، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بۇ كارۋان يوللىرىدىكى مەنزىرىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ سەپەر قىلىش، ئەجدادلارنىڭ تارىختا قالدۇرغان كارۋان ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ يول يۈرۈش مېنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇيۇم بولغاچقا مۇنچىلىك سەپەر مۇشەققەتلىرى ماڭا ھېچ بىر كار قىلغاندەك تۇيۇلمىغان ئىدى.

بىز شۇ كۈنى تاشكەنتتىن ئايرىلىپ 4 سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، يول ئۈستىدە ئون نەچچە يەرلەردە قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ تەكشۈرۈش قاراۋۇللىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدا يول ئۈستىدە ئېچىلغان بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ ئاشپۇزۇلدا ئادەم خېلىلا كۆپ بولۇپ، قارىماققا تىجارىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئېقىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەلۋەتتە، بىر ياش كۈتكۈچى قىز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئالدىمىزغا كېلىپ، تائام تىزىملىكىنى شىرە ئۈستىگە قويغاچ «خوش كەپسىلەر!» دېدى. مەن ئادەتتىكىگە ئوخشاش تائام تىزىملىكلىرى ئارىسىدىن ناھايىتى تىزلا سىلاۋىيان يېزىقىدا يېزىلغان «Уйгуриский лагман» (ئۇيغۇر لەغمىنى) كۆردۈم ۋە ئۇشبۇ مۇبارەك تائامنى بۇيرۇتتۇم. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي بىر يىگىت ئالدىمغا يېڭىلا تونۇردىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئىسسىق نان بىلەن بىر چىنە لەغمەننى پەتنۇستا كەلتۈرۈلدى. مەن سۈيۈنگىنىمدىن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ لەغمەنگە نان چىلاپ مەزە قىلىپ يېدىم، بۇ لەغمەننىڭ چۆپى مۇزلاتقۇدا بىرقانچە كۈن ساقلانغان بولغاچقا ناھايىتى يۇمشاپ كەتكەن ئىكەن. ئىشقىلىپ لەغمەننىڭ چۆپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا سەۋزە، پىياز ۋە سۆڭەكلىك قوي گۆشلىرى بىلەن تەييارلانغان قۇرما لەغمەن چۆپىگە خېلىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇبدان تەم بەرگەن ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن بۇ لەغمەننى «ئۇيغۇر لەغمىنى» دېگەندىن كۆرە «قۇرۇلغان سۈيۇقئاش»، ياكى «چۆپ شورپىسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان بولسا بەلكىم توغرا نام بېرىلگەن بولار ئىدى دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

خوش، ئۇنداقتا ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇيغۇر لەغمىنى» دەپ ئاتالغان ۋە ئۆزگە پىروتوكول ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قوشۇپ تونۇشتۇرۇۋاتقان بۇ سېھىرلىك تائام زادى قەيەردىن كەلدى؟ «لەغمەن » دېگەن بۇ تائامنى ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە ئېتىپ يېگەنمۇ؟ «لەغمەن » بۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇمۇ ياكى خەن تىلىدىكى ئاتالغۇمۇ؟ قېنى ئۇنداقتا تېمىمىزنىڭ نېگىزى بولغان «لەغمەن» ھەققىدە مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارايلى.

## «لەغمەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنازىرىلەر

«لەغمەن » ناملىق بۇ تائامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئاۋۋال ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قايسى جۇغراپىيەلىك توپلۇقلاردا لەغمەننى تەييارلاش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر خام ئەشيا بولغان بۇغداينىڭ تېرىلغانلىقى ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تارىخى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى ئىنسانلار بۇغداينى 12000 يىللار ئىلگىرىلا قەدىمكى مىسىرلىقلار ياشىغان نىل دەرياسى بىلەن مېسوپوتامىيە دەرياسى بويلىرىدا ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، تاش دەۋرىدىن باشلاپلا بۇغداي تەدرىجىي ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقىغا ئايلانغان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيدا كۆرسەتمىگە قويۇلغان قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ 5000 يىل ئىلگىرى پىشۇرغان نانلىرى دەلىل بولالايدۇ.[20]

ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ھەممە مىللەتلەر ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم ۋە تۇپراق مۇھىتىغا يارىشا تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە خاس يېمەك ـ ئىچمەك ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوخشىماسلىق بىلەن ياشىغان مۇھىت قاتارلىق سەۋەبلەر ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا بولۇپمۇ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە روشەن پەرقلەرنى شەكىللەندۈردۇ . ياۋرو-ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى دېڭىزدىن ئەڭ يىراق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىدا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كەسپى قىلىپ

---

(20) بۇغداينىڭ 12 مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ دەۋرلەر بويىچە كۆرستىلىشى
Wheat: Twelve thousand year timeline http://www.bbc.co.uk/food/0/24037899

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ كەڭ تۇپراقلاردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھايات پائالىيەتلىرى داۋامىدا ياراتقان يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىدۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.[21]

ئەجدادلىرىمىز تارىختا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەن يايلاق ھاياتىدىن تەدرىجىي ھالدا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن تۇراقلىق ھايات مۇھىتىغا تەخمىنەن 5000 يىللار ئەتراپىدا كۆچكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇغداي زىرائەتلىرىنى تېرىپ ئاشلىق ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكى، نان ۋە چۆپ قاتارلىق خېمىر بىلەن ھازىرلىنىدىغان تاماقلار بىلەن ئۇزۇقلانغانلىقىنى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن كەڭ زېمىنلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.[22]



6- رەسىم: چىڭخەيدىن تېپىلغان 4000 يىل بۇرۇنقى لەغمەن .

(21) «چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قومۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دوۋىدىن بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ نانلار ئۆز دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.» - ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» (Uyghur Ethnography)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى، ئۈرۈمچى؛ 112 - بەتلەر.

(22) چىڭخەيدە 4000 يىل بۇرۇن يەر تەۋرىگەن يەردىن بىر قاچا چۆپ تېپىلىپ كىشىنى ھەيران قالدۇردى. ختاي سودا سەھەر گېزىتىنىڭ 2015 - يىلى 8 - ئاۋغۇست خەۋىرى.
青海4000年前地震现场：惊现〝一碗面条〞【新唐人2015年08月09日电】2015年8月8日，大陆媒体报导披露，在齐家文化青海喇家遗址博物馆，距今约4000年的一场突发地震现场发掘后完整保留下来，灾害场面惨烈，但母亲守护孩子、返身救助亲人的遗存更是穿越历史时空令人动容. 华商晨报.

لەغمەن ـ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ماكانى قىلىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ كۆپ ھازىرلىنىپ يېيىلىدىغان تائاملارنىڭ بىرىدۇر. زامانىمىزدا بىز ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بۇ تائام ـ لەغمەننى بۇغداي ئۇنىسىز ھازىرلىغىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قورۇمىسىغا ئاز ـ تولا گۆش ۋە كۆكتاتلار ئارلاشتۇرمىسا ھەم بولمايدۇ. دېمەك ئالدى بىلەن لەغمەن ئېتىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ھېسابلىنىدىغان بۇغداي تارىم ئويمانلىقىنىڭ بوستانلىقلىرىدا قاچاندىن باشلاپ تېرىلىشقا باشلىغان؟

لەغمەننىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشتە ئاۋۋال ئارپا ۋە بۇغداي قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاچاندىن باشلاپ پايدىلىنىپ، ئۇزۇن‌قۇلۇق سۇيۇقئاشقا قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تورىنىڭ 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى بىر خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە 1992- يىل 3 ـ ئايدا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇ بېشى كەنتىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، 11 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ساپال ھېجىرىغا ئۇسۇپ قويۇلغان قورۇپ كەتكەن سۇيۇقئاشنى بايقىغان. سۇيۇقئاش تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان بولۇپ، چۆپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىكەن.[23]

لەغمەننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلقئارادا، خىتاي ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ بىر تۈرلۈك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بولۇپمۇ پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىن 2400 يىللىق تارىخقا ئىگە سۇيۇقئاش تېپىلغاندىن كېيىن بۇ

(23) 2400 يىل ئىلگىرىكى سۇيۇقئاش ـ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى. 1992 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇ بېشى كەنتىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، 11 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ساپال ھېجىرىغا ئۇسۇپ قويۇلغان قورۇپ كەتكەن سۇيۇقاشنى بايقىغان. سۇيۇقاش تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان بولۇپ، چۆپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. ئىنسانىيەت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخىدىكى بۇ زور بايقىلىش 2011 ـ يىللىق دۇنيا ئارخېئولگىيەسىدىكى ئون چوڭ بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشقا يېتەكچىلىك قىلغان شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لۈ ئېڭونىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمكى قەبرىگە 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر، بىر ئايال دەپنە قىلىنغان، دەپنە بۇيۇملىرىدىن ساپال قاچا، ياغاچ، تۆمۈر، تاشتىن ياسالغان ئىشلەپ چىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى تېپىلغان. قەبرىدىكى ئەر- ئايالغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان ـ ئىشتان، باشلىرىغا ئۈچلۈق تۇماق كىيدۈرۈلگەن. بۇ قەبرىگە قويۇلغان ساپال قاچىلارغا تېرىق، پىشلاق قاتارلىق يېمەكلىكلەر قويۇلغان. 2008 ـ يىلى كورېيەدىكى بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تۇرپاندىن تېپىلغان 2400 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس سۇيۇقئاشتىن خەۋەر تېپىپ مەخسۇس فىلىم ئىشلىگەن. كورېيەلىكلەر ئۇنى «لەغمەن» دەپ ئاتىغان. تەتقىقاتچى لۈ ئېڭو بۇ قەدىمكى «لەغمەن»» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «لەغمەن (سۇيۇقئاش) نىڭ بايقىلىشى 2400 -- 2500 يىللار ئىلگىرى سۇ بېشى ئەتراپىدا ياشىغان يەرلىك خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سۇيۇقئاش بايقالغان بۇ قەبرىدىن يەنە بىر قاچىغا قويۇپ قويۇلغان نان بايقالدى. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە».
تەييارلىغۇچى: توخنياز ئىسمائىل نىدائىي
مەنبە: تەڭرىتاغ ئۇيغۇرچە تورى http://uy.ts.cn/wenhua/content/2013-03/11/content_266927.htm

ھەققىدە كورىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خىتاي تىلىدا ئىشلىگەن بىر سائەتلىك بىر ھۆججەتلىك فىلىمدە دۇنياغا لەغمەننىڭ تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر دىيارىدا پەيدا بولغانلىقى ۋە بۇ جۇغراپىيەلىك تۇپراقلاردىكى خەلقلەردە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. [24]

بۇنىڭدىن باشقا يەنە يىپەك يولى سودا ۋە تىجارەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىدىكى خەلقلەر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەتلىرىنىڭ خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە ياشايدىغان خەلقلەرگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بولۇپمۇ بۇغداي زىرائەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئىچكىرى خىتايغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئېلىپ كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. [25]

تارىخي مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 8000 يىلدىن باشلاپلا ئارپا دانلىرىدىن پايدىلىنىپ خېمىرلىق تائاملارنى ئېتىپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىدا ئەڭ دەسلەپتە تەبىئىي ئۆسىدىغان ئارپا، تېرىق دانلىرىنى يىغىپ، ئۇنى يېمەكلىك ئورنىدا ئىستېمال قىلىش، كېيىن بۇغداي زىرائەتلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە ھوسۇل ئېلىش، زىرائەت دانلىرىنى ساقلاش، بۇغداي دانلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئورنىدا ئىستېمال قىلىش تەخمىنەن 5000 يىللار ئىلگىرى باشلانغان دەپ تەخمىن قىلالايمىز. [26]

---

(24) لەغمەن شىنجاڭدا پەيدا بولغان (سۈرەتلىك فىلىم) - بۇ فىلىم كورىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان بولۇپ، ئۇن يېمەكلىكىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى، پەيدا بولۇشى جانلىق كۆرنۈش ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن (جەمئىي ئالتە قىسىم). بۇ قىسىمدا دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى لەغمەن تاش قاتلىمىسى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يالقۇنتاغ ئەتراپىدا تېپىلغان بولۇپ، شىنجاڭ رايونى دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇر لەغمەن يېمەكلىكىنى ئىستىمال قىلغان رايون ھېساپلىنىدۇ.
مەنبە باغداش تورى: http://bbs.bagdax.cn/thread_8414_1_1.html

(25) **«خەن ۋە تاڭ دەۋىرلىرىدىكى غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە» - ئاپتورى خې جۈلەن، گۈيجو مالىيە ئۇنۋېرستىتى**

**汉唐西域饮食文化论文 作者：贺菊莲 单位：贵州财经大学**

**东西方文化的交流当然不止于新疆，而是通过新疆这个纽带向两端极力延伸。从西域以西传入西域乃至中国的动植物及食物制作技术、食品等很多。下面略举几例。小麦。小麦起源于西亚，而早在青铜时代的孔雀河古墓沟就曾发现小麦籽粒。葡萄。众所周知，葡萄是外来品。考古发现葡萄是汉唐时期塔里木盆地及吐鲁番地区种植最广的水，在西域人们生活中占有重要地位. http://www.zhazhi.com/lunwen/whls/yswhlw/74914.html**

(26) ئامېرىكا پورتلاند دۆلەت ئۇنۋېرستىتىنىڭ دوكتۇرى كەرىن كار (Dr.Karen Carr from Portland State University) «قەدىمكى خىتايدىكى يېمەك - ئىچمەكلەر» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: خىتاينىڭ شىمالىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 8000 يىللاردىن باشلاپ تېرىق ئۆستۈرۈلگەن ۋە ياۋا كۆممىقوناق دانلىرىنى يىغىشقا باشلىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000 يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ شىمالىدىكى خەلقلەر تېرىقنى ئاساسلىق ئۇزۇقلۇق ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇلار تېرىقنى سۇدا قاينىتىپ پۇشۇرۇپ،بىر خىل ئۇماچ قىلىپ يېگەن.
"Food in Ancient China "- By Karen Carr from Portland State University, US. People in northern China

لەغمەننى ھازىرلاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئۇن، كۆكتات ۋە گۆش ياغ قاتارلىق خام ئەشيالىرىنى تەييارلىغاندىن باشقا يەنە ئۇندىن لەغمەننىڭ خېمىرىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن ئۇنى پىلتا قىلىپ تەييارلاش، ئاخىرىدا ئىنچىكە ئىششىپ پىشۇرۇش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. لەغمەننىڭ خېمىرىنى تۇز بىلەن تېتىتىپ، مۇۋاپىق چىڭلىقتا يۇغۇرۇش ۋە خېمىر چۆپنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى ئەلۋەتتە مۇكەممەل بولغان بىر سەۋىيەدىكى يېمەك-ئىچمەك ھۈنەر-سەنئىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار لەغمەن ئېتىپ يېيىشنى بىر كېچىدىلا باشقا بىر خەلقلەردىن كۆچۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان ئەمەسمىز. بۇ قاراشنى دەلىللەش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋىي يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىدىكى ئومۇملاشقان خېمىردىن ياسىلىدىغان چۆپلۈك تائاملارغا نەزەر سالايلى. بۇغداي ئۇنىدىن خېمىر قىلىپ ۋە خېمىرنى ئىنچىكە يېيىپ، ئىنچىكە كېسىپ چۆپ ھازىرلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان تائام سۇيۇقئاش-ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتمەك-نان چۆپ، ئوماچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش قەدىمكى ئەنئەنىۋىي تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا سۇيۇقئاش، ئۈگرە، قۇشقاچ تىلى كەسمە، كەسمە قاتارلىق تائام تۈرلىرىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ئۈگرە» ھازىرقى نامى ئوخشاش تەلەپپۇزدا «ئۈگرە» دەپ خاتىرىلىنىپ، «ئۈگرە سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان.[27]

ئەسلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە قورما تائاملارنى ھازىرلاپ يېيىش ئومۇملۇققا ئىگە بولمىغان، بۇ تەبىئىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن سۇ ۋە يايلاق ئىزدەپ ھايات كەچۈرۈشدەك تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە باغلىقتۇر. بىر مىللەتنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى ئەلۋەتتە شۇ مىللەتنىڭ ھەر ساھەلەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرلار كۆچمە چارۋىچىلىقتىن توپلىنىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاش، شەھەر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش بىلەن تەڭ بۇغداي قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتەك يېڭى دېھقانچىلىق

grew millet instead, starting about 8000 BC, and they gathered wild sorghum. By 5000 BC, many people in northern China ate mainly millet. They ate it boiled into a kind of porridge. http://quatr.us/china/food/

(27) «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 171 - بەت. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى، ئۈرۈمچى، 119 - بەتلەر.

كەسىپلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىنى تەمىنلەش ۋە تۇراقلىق ھايات كەچۈرۈش مۇھىتلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ كەلگەن. تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاشقى دۇنيا ۋە باشقا ھاياتلىق تۈپلۇقلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆز ئارا مەدەنىيەت، سودا-تىجارەت ئالاقىلىرىنى ئىزچىل يۈكسەلدۈرگەن. تەدرىجىي ھالدا يىپەك يولى سودا - تىجارەت ئالاقىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزى تۈگۈنلىرىگە خوجايىن بولۇپ ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شەرق ۋە غەربنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىنى قوبۇل قىلىشى قولايلاشقان ۋە تېزلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆزلىرىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەرلىرى، مەدەنىيەت ئىلغارلىقلىرى ئارقىلىق قوشنا ئەللەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاۋۋال موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە قۇرما تائاملارنى يېيىشنى ئاساسلىق ئادەت قىلىپ ياشايدىغان شەرقنىڭ خەن قاتارلىق مىللەتلىرى بىلەن دەسلەپكە قەدەمدە تىجارىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلىرىدە ئۆز - ئارا ئۇچرىشىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ خىل ئۇچرىشىش ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە سودا - تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۆز ئارا بېرىپ كېلىش قىلىش، ۋاقىتلىق سودا - تىجارەت كەسىپلىرى سەۋەبلىك بىر يەردە مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ ياشاش قاتارلىق خەلقلەر ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلەر تەدرىجىي ھالدا شەرق خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەتلىرى بىلەن يايلاق ۋە دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرۈپ ئادەتلىرى ئۆز - ئارا ئۇچرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلقلەر تۈپلىرىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئۆزئارا بىر - بىرلىرىنى چۈشىنىش ، بىر - بىرلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ تولۇقلاشتەك تەبىئىي ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچىدۇ.

گەرچە بۇ يەردە «لەغمەن» دېگەن بۇ تائامنىڭ دەۋرىمىزدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىغا ۋە بۇ تائامنى پەقەت ئۇيغۇرلارغا خاس ئالاھىدىلىك ۋە تەم بىلەن ئەڭ ئوخشىتىپ تەييارلايدىغانلىقىغا ھېچ كىم كۆز يۇمالمىسىمۇ ئەمما ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ھايات كەچۈرىدىغان، مانا شۇ سەۋەبلىك قۇرما تائاملارنى يېمەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىراقلا لەغمەن قاتارلىق قۇرما تائاملارنى كوپ يەيدىغان بىر خەلققە ئايلىنىپ قېلىشى بىزگە يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى قالدۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئېتنوگرافىك ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىنى كەڭ دائىرىدىن تەتقىق قىلساق، لەغمەندىن ئىبارەت بۇ تائامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ خېمىردىن چۆپ ياساپ تەييارلىنىدىغان تائام بولغىنى ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدىكى چۆپ تائاملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىمىز: خېمىر بىلەن ھازىرلىنىدىغان ئۇيغۇر چۆپ تائاملىرىنىڭ ئىچىدە يالغۇز لەغمەنلا ئەمەس يەنە باشقا تۈرلۈك چۆپ تائاملىرىنىڭ تۈرلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىسىنىڭ ھازىرلىنىش ئۇسۇلى لەغمەندەك سوزۇپ ئەتمىسمۇ ياكى سۇزۇش ئۇسۇلى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما ئومۇمەن چۆپنى سوزۇشتەك تەييارلاش جەريانى ھەممىسىدە بار. سۇيۇقئاش ۋە ئۈگرە تاملىرىنىڭ چۆپلىرىنى تەييارلاشتىمۇ لەغمەن چۆپنى تەييارلاشقا ئوخشاش جەريانلار قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل چۆپ تەييارلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بولۇشى بىلەن تەڭ ئىتالىيەنىڭ چۆپ تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن خىتاي چۆپ تەييارلىنىش ئۇسۇللىرىدەك ئايرىم چوڭ بىر دائىرىدىكى چۆپ تەييارلاش كاتېگورىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشلىرى كىشىنى ئويلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.[28]

«لەغمەن» ناملىق بۇ تائام ئاتالغۇسىنىڭ دەۋرىمىزگىچە قانداق كەلگەنلىكى ۋە ئۆزلەشكەنلىكى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى يەنە تىلشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى نېگىزلىك بولغان مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئارقىلىق ئوخشىمايدىغان جۇغراپىيەلىك رايونلاردىكى خەلق توپلۇقلىرىنىڭ تىل ۋە ئېتنىك باغلىنىشلىرىنى، ئەسىرلەر مابەينىدە ياشاپ كەلگەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىدە تىل - يېزىق جەھەتتىن بىر-بىرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى، ئورتاق ۋە پەرقلىق بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىنى بايقاپ چىقالايمىز. قەدىمكى زامانلاردا ھايات توپلۇقلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ تۇرۇشى بىلەن تەڭ ئۇلار بىلەن بىللە تىل، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۆرۈپ - ئادەتلىرىمۇ كۆچۈپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى - سىۋىلىزاتسىيونى بىر-بىرلىرىگە باغلانغان بولىدۇ.

مەن بۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە لەغمەننىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا پەيدا بولۇشى ۋە «لەغمەن ياكى لەغمەن» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ لۇغەت

(28) «ئۇيغۇر لەغمىنى ۋە باشقا چوپ تاماقلار» (ئوتتۇرا ئاسىيا ئاشپەزلىك ھۈنىرى ھەققىدە تەپەككۇرلار)، ئاپتورى نىكول روددا. فرانسىيەدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژورنىلىنىڭ 2014 - يىل قىش 4 - سانى. 10 - بەت.

مەنىسىنى تېپىپ چىقىش ھەققىدە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئىدىم. گەرچە بۇ ھەقتە ئۆزۈمدە لەغمەن ھەققىدە مەلۇم قاراشلار بولغان بولسىمۇ ئەمما بۇ قاراشلىرىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىم بولمىغاچقا، بۇ تېمىنى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ دىققىتىگە تاشلاش ۋە بۇ ئارقىلىق مەزكۇر تېما ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش، ھەم بۇ ئارقىلىق پىكىر ئورتاقلىقىنى تېپىپ چىقىش مەقسىتىدە 2016 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر كۈنى ئۆزۈمنىڭ Face Book ئىجتىمائىي ئالاقە سەھىپىسىگە لەغمەن ھەققىدە تۆۋەندىكى سوئالنى سورىغان ئىدىم: «ئەمدى لەغمەن توغرىسىدا بىر ئاز مۇنازىرىلىشەيلى: كۆپ ساندىكى كىشىلەر لەغمەن دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا خىتاي تىلىدىكى (拉面 - Lāmiàn) دېگەن سۆزدىن سىڭىپ كىرگەن دەپ قارايدۇ. سىزچە بۇ قاراش توغرىمۇ؟ ئەگەر توغرا دەپ قارىمىسىڭىز، سىز بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ » .

مەن ئوتتۇرىغا قويغان «لەغمەن » ھەققىدىكى بۇ تېمىغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەر ساھەلەردىكى ئۇيغۇرلار ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشقان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىنى كۆپچىلىكتىن ئايىماي ئورتاقلاشقان ئىدى. بۇ تېما ھەققىدە مۇنازىرىلەر كەسكىن داۋام قىلغان بولۇپ، تېمىغا جەمئىي 124 پارچە پىكىر يېزىلغان.

مانا مۇشۇ قىزغىن كەيپىياتنىڭ ئۆزىلا «لەغمەن» ناملىق بۇ تائامنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. [29]

(29) لەغمەن ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم سەۋەبلىك 2016 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر كۈنى ئۆزۈمنىڭ Face Book سەھىپىسىگە «لەغمەن» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپچىلىكتىن سوئال سورىغان ئىدىم. بۇ سوئالغا قارىتا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەر ساھەلەردىكى ئۇيغۇرلار ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشقان بولۇپ، بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا 124 پارچىدىن ئارتۇق ئىنكاس يېزىلغان ئىدى. مەن تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەشۇ يېزىلغان ئىنكاسلار ئىچىدىن تېمىمىزغا ماس كېلىدىغان بىر قانچە پىكىرلارنى تاللاپ ئېلىپ، شۇ پىكىر يازغۇچىلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئەينەن ئۇشبۇ ماقالىنىڭ ئىزاھات قىسمىغا پايدىلىنىش مەنبەسى سۈپىتىدە كىرگۈزدۈم. يېزىلغان بىر قىسىم پىكىرلەر تۆۋەندىكىچە:

ئەركىن ئەمەت (ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جوغراپىيە فاكۇلتېتى): ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ كۆپىنىڭ ئىسمى تۈركىي تىللار دىۋانىدا بار، ئەمما لەغمەن سۆزى يوق، قېرىنداش تىللاردىمۇ يوق. شۇڭا خىتايچە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.... ئىلمى مەنتىقىلىق مەنبەلەر بىلەن ئىزاھلىشىمىز كېرەك. مەن لەغمەن سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن. ھىسسىي ئەمەس ئىلمىي ئىزاھات لازىم. بەلكىم لەغمەننى بىز ئىجات قىلىپ، ئىسمىنى تۇڭگانلار قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن چۈنكى لەغمەن سۆزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق ئەمەس. «لەگ-مەن» بولسا ئەگەر «مەن» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا خىتايچىدىن كىرگەن سۆز «خېمىر» دېگەن گەپ. «لەگ» نىڭ مەنىسى يوق... مەن كۆپ لوغەتلەرگە قارىدىم...

فۇرقەت مەھمۇد غازى (مالايا ئۇنىۋېرسىتېتى، مالايسىيا): تۈركىي تىللار دىۋانى مىڭ يىل بۇرۇنقى كىتاپ، كېيىنكى مىڭ يىللىق تىل تەرەققىياتى ئەكس ئېتىلمىگەن. كونا كىتاپتا يوق بولغانلىقى ئۈچۈنلا خەنسۇچە بولۇپ قالامدۇ؟ زىيالىلار قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ قويۇڭلار: تىلىمىزدا «لەڭ سېلىش» دەيدىغان سۆز بار، لەغمەننى چۆپنى لەڭ سېلىپ تەييار قىلىمىز، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر «لەغمەن» دەپ ئاتايدۇ. خەلقىمىز تېخى ئۆزى يېۋاتقان نەرسىگە ئىسىم قويالمىغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى يوق. شۇنداق بىر گەپنى تەقدىم قىلاي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاللا ئەسقاتىدىغان ياخشى نەرسە ئەمما دائىم بىللە ئېلىپ يۈرگۈلۈك!

مېھرئاي ھەبىبۇللا (ھال يورك تىببىي ئىنستىتۇتى، ئەنگلىيە): مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ ئەسلىدە لەغمەن، لەڭ سېلىپ، سوزۇپ تاشلاش مەنىسىدە دەپ بىلىمەن.

پارھات قېيۇم (فىنلاندىيە): بۇرۇن «لەغمەن» سۆزى توغرىسىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان. «تىل ۋە تەرجىمە» دېگەن ژۇرنالدىغۇ دەيمەن، ئېنىق ئېسىمدە يوق. ئۇنى ئۇيغۇرچە سۆز دېگىنى ئېسىمدە. «لەڭ» دېگەن «ئاشتاختا»، لەغمەننى ئاشتاختىغا ئۇرۇپ، سوزۇپ تەييارلايدۇ دېگىنى ئېسىمدە. تۇرپاندا «لەيمەن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

دولقۇن تاشبېك (ئانتۋېرپ، بېلگىيە): ھازىر ئۇيغۇرلار بۇ تاماقنى «لەغمەن»، «لەغمەن»، «لەگمەن» دەپ 3 خىل ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە تۇرپان، قۇمۇل شىۋىسىدىكى «لەگمەن» توغرىسى بولسا كېرەك.

فۇرقەت مەھمۇد غازى (مالايا ئۇنىۋېرسىتېتى، مالايسىيا): «لەگ» ئەمەس «لەڭ»، «لەڭ سېلىش، لەڭ ئۇرۇش» دېگەن سۆزلەر بار. لەغمەننى سوزۇپ ئىككى تەرەپكە كۆچەپ تارتىپ تۇرۇپ لەڭ ئۇرىمىز يەنى ئەنبەلگە تاس-تاس تەۋرىتىپ تەككۈزسەك ئاندىن چۆپ سوزۇلۇپ تەييار بولىدۇ.

ئورخۇن ئېلىيار (ئائوكلەند ئۇنىۋېرسىتېتى، يېڭى زېللاندىيە): بۇنى بىزمۇ خېلى تەھلىل قىلىپ باققان، ياپونىيەدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «رامئەن - ramian» ئاتالغۇسى بار ئىكەن، ھەم بۇ تاماق چۆكىدا يېيىلىدۇ. ھەمدە خەنزۇلاردىمۇ مۇشۇ ئاتالغۇ بار ھەم ئۇلارمۇ چۆكىدا ئىستىمال قىلىدۇ. بىزدىن باشقا تۈركى مىللەتلىرىنىڭ چۆكا ئىشلەتمەسلىكى مومكىن، شۇڭا مىنىڭچە بىرقانچە تاماقلار ۋە چۆكا ئىشلىتىش ئاسىيا مەدىنىيىتىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز خېلى كۆپ مەدەنىيەتلەرنى قۇبۇل قىلغان، ئەمما بىزدە ئېنىق بولغان پاكىت ياكى ئارخېلوگىيىلىك پاكىتلار يوق ۋە مەن ھەم كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ باقمىدىم، ئەگەر بار بولسا بەك خوشال بولۇپ كۆرەتتىم. ھازىرمۇ تاماق مەدەنىيىتىمىزدە كۆپىنچە خىتاي تاماقلىرىنىڭ شەكلى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ئەرەپچە ۋە تۈركچە تاماقلارمۇ خېلى مودا بولۇۋاتىدۇ.
ھامىت كۆكتۈرك (تۈركىيە): مېنىڭ يۇرتۇم ياركەنتتىن. ياركەنت دەرياسىنىڭ قارشى ياقىسىدىكى بەشكەنت (ئۇيغۇرلىرىمىز بەشكەن دەپمۇ ئاتايدۇ) دېگەن جايدا تۇققانلىرىمىز بار ئىدى. مەن كىچىك چېغىمدا ئۇ يەرگە بېرىپ بىر مۇددەت تۇرغان ئىدىم. ئۇلار لەغمەننى «ئۇزۇن ئاش، سوزۇپ ئاش» دەپ ئاتىغانلىقنى ئاڭلىغان ئىدىم. پولونى «قويۇق ئاش» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ مېنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم. بۇ يۇرتلاردا ياشايدىغان ئىنسانلاردا ئۇيغۇرلىرىمىزدىكى ئۇرۇق-تۇققانچىلىق مۇھەببەتلىرى ۋە بىر - بىرلىرىگە بولغان مېھر-شەپقىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. مەن بىر تويدا مەشرەپنى ھەم كۆرگەن. چوڭ ئايۋان سارايي زالدا بىر تەرەپتە ئاياللار، يەنە بىر تەرەپتە ئەرلەر بىرلىكتە مەشرەپ ئويناشقان ئىدى. دېمەك بەشكەنتتىكى ئۇيغۇرلىرىمىز لەغمەننى «ئۇزۇن ئاش، سوزۇپ ئاش» دەپ ئاتىغىنىغا قارىغاندا بۇ ئۇيغۇر تامىقىنىڭ خىتايلار بىلەن بىر ئالاقىسى بولماسلىغى قۇۋەتلىك بىر ئېھتىمالدۇر. چۈنكى خىتاي مىللىتى تۇگە ۋە ئېشەكنى بىلمەيدۇ، ئېشەك ۋە تۇگە مىنىپ بۇ ئۇچى تەكلىماكان چۆلىگە كېلىپ بىزنىڭ ئاتىللىرىمىزغا لەغمەن تائامنى ئۈگۈتىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر سەپسەتە بولۇپ قېلىشى تەبئى. بىزمۇ ئاتىللىرىمىزدەك لەغمەن ئورنىغا ئاتاپ كەلگەن «ئۇزۇن ئاش، سوزۇپ ئاش» دېگەن دەل ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتسەك، بۇ مەسىلە ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.

مەھمەت توختى (كانادا): لەغمەن ۋە كۆپلىگەن قورۇما (سەي) تۈرلىرى بىزگە خىتايلاردىن ئەمەس بەلكى تۇڭگانلاردىن كىرگەن. لەغمەننىمۇ «لەغمەن» دەپ ئاتايدىغانلار بار. لەغمەنگە مۇناسىۋەتلىك يانداش ئىسىملاردىن سەي (قورۇما) مەنتەك ( ئاش سۈيى، خېمىر سۇيى)، بازىمەن، سۇيرو، گۇيرو، جىزا (پىلتە) بەيمىيەن.... قاتارلىق ئىسىملارمۇ بىزگە تۇڭگانلاردىن كىرگەن. ئۇيغۇرچە تائاملارنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇ تائامغا مۇناسىۋەتلىك يانداش ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بىز تارىختىن بۇيان خىتايلار بىلەن يېمەك ئىچمەكتە بىللە بولمىدۇق. لىكىن تۇڭگانلاردىن يېمەك ئىچمەك جەھەتتىن خېلى كۆپ تاماقلارنى قوبۇل قىلدۇق. ئەڭ يېقىنقىسى بولسا داپەنجى (چوڭ تەخسىلىك توخۇ قورۇمىسى)، جوۋاۋا (تۈگرە) دېگەن سۆزنى خىتايلار ئىشلەتمەيدۇ لىكىن تۇڭگانلار ئىشلىتىدۇ. لەغمەن، 1759-يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق مانجۇ ئىستىلاسى بىلەن ۋەتىنىمىزگە كىرگەن بولسىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىششى تۇڭگانلار ۋاستىسى بىلەن بولدى. خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خىتايلار ۋە شىئەندىكى خىتايلار لەغمەن ۋە بازىمىيەننى ھازىرمۇ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ تاماق ئۇيغۇر تائاملىرى بولسا چوقۇم بىزدىن باشقا تۈرك قەۋملىرىدىمۇ شۇنىڭغا يېقىن بىر تائام شەكلى بولىشى كېرەك. بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تائاملىرى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر شەكىلدە، يېقىن ياكى ئەينەن ئىسىملار بىلەن باشقا تۈرك قەۋملىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن پولو، كاۋاپ، مانتا... دېگەندەك. پەقەت لەغمەن بۇنىڭ سىرتىدا. گەرچە لەغمەن بىزنىڭ ئەنەنىۋى تامىقىمىز بولمىسىمۇ لەغمەننى ئۇيغۇرلار ئەڭ ياخشى قىلىدۇ. قىسقىغىنە 100 يىل جەريانىدا لەغمەن بىزنىڭ موھىم تاماق تۈرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى، لىكىن لەغمەنگە مۇناسىۋەتلىك يان ئاتالغۇلار، مەسىلەن مەنتەك (مىيەن تاڭ، ئاش سۇيى)، كويزا ( كۇئەيىزى- چوكا)، جىزا (پىلتە)، سەي - قورۇما)، سومەن (سائومىئەن)، گويرو (过油肉)، سۇيرو.... دېگەندەك ئىسىملار لەغمەن بىلەن بىللە تىلىمىزغا كىرگەن بولغاچقا گەرچە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئاندا - مۇندا ئىشلەتسەكمۇ يەنىلا تۇڭگانچىدىن كىرگەن بۇ ئاتالغۇلار تاكى ۋەتىنىمىزنىڭ خىتاي كۆرمىگەن بۇلۇڭلىرىغىچە (گەرچە ھازىر ھەممە يەردە خىتاي بار بولسىمۇ) كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلىگە ھىس تۇيغۇ بىلەن ئەمەس پاكىت ۋە رىياللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان تۈزۈك.

ئاخىرىدا مەن Face book ئىجتىمائىي ئالاقە تورىدا كۆپچىلىك بىلەن ئوچۇق ئېلىپ بېرىلغان «لەغمەن » ئاتالغۇسى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلايمەن:

1. ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان «لەغمەن » دېگەن تائامنى بۇرۇن ئۇيغۇرلار شەرق مىللەتلىرىگە ئوخشاش چوكىدا يېمەي قولى بىلەن يەيتتى. لەغمەن ئاتالغۇسىنىڭ ئاتىلىشىمۇ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر جايلىرىدا ئۆزگىچە بولۇپ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق يۇرتلاردا «لەگمەن، لەغمەن ، لەيمەن» دەپ ئاتالسا، كۇچا، يەكەن، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنىڭ كۆپ قىسىم يېزا - قىشلاقلىرىدا لەغمەننى «ئېشىپ ئاش»، «سوزۇپ ئاش»، «يېيىپ ئاش» دەپ ئاتىسا، پولونى «قويۇق ئاش» دەپ ئاتايدىغانلىقى، قىسقىسى «لەغمەن » ناملىق بۇ تائامنىڭ نامى كۆپ سانلىق يۇرتلاردا بۇرۇندىن تارتىپ «لەغمەن » ياكى «لەگمەن» دەپ ئاتايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

2. گەرچە تۈركىي تىللار دىۋانىدا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر تائاملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نامى يېزىلغان ۋە شەرھلەنگەن بولسىمۇ ئەمما «لەغمەن » ناملىق بۇ ئاتالغۇنىڭ يوقلىقى، ھەم بۇ ئاتالغۇنى باشقا ھېچ قانداق بىر تۈركىي خەلقلەر تىللىرىدىمۇ تېپىلمايدىغانلىقى، قىسقىسى بۇ ئاتالغۇ خىتاي تىلىدىكى Lāmiàn 拉面 - دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇڭگانلار ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدۇ.

---

ئەركىن ئەمەت (ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە فاكۇلتېتى): مەمەت ئەپەندى، تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم تىلى يوق، خىتايچەنىڭ بىر شىۋىسىنى ئىشلىتىدۇ، تۇڭگان / خۇيزۇ دەپ بىر تىل بولمىغاچقا خىتايچە دەيمىز.

مەھمەت توختى (كانادا): تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم تىلى يوق ئەلۋەتتە. مەن تىلىمىزغا كىرگەن يېمەكلىك ئاتالغۇلىرىنىڭ بىۋاستە خىتايلار ئاقلىق خىتايچىدىن ئەمەس بەلكى تۇڭگانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىرگەنلىكىنى تەكىتلەۋاتىمەن.

فۇرقەت مەھمۇد غازى (مالايا ئۇنىۋېرسىتېتى، مالايسىيا): مەن كىچىك ۋاقتىمدا تۇڭگانلار لەغمەننى قولىدا يەيتى. شۇڭا چوكىغا باغلاپ خەنچىدىن كىرگەن دېيىش بەكمۇ گۇدەكلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئادىلجان ئىبراھىم (كالىفورنىيە، ئامېرىكا): مەن بۇ تاماقنىڭ تارىخى ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيمەن، لېكىن لەغمەن ئۇيغۇرچە سۆز ۋە ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىدىن تارتىپ يەپ كېلىۋاتقان تاماقتۇر. ئەگەر «لامىيەن» بولسا ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ لەغمەنگە ئۆزگەرتىۋېتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاماق ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا بەك ئومۇملاشقان. بۇنداق تاماقنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىسمى بولۇشى تەبىئىي، بۇ قەدەر ئومۇملاشقان نەرسىگە باشقا مىللەتتىن سۆز ئېلىش بىھاجەت. گەرچە خىتاي تىلىدا ئاھاڭدىن مەنىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، خىتايلار ئاھاڭداش مەنالىق خەتلەرنى ئىشلىتىپ ئۇستىلىق بىلەن لەغمەننى ئۆز تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنى خىتايلارنىڭ ئۇستىلىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنى ئويلاشساق يېتەرلىك. مەسىلەن: كەتمەن= 坎土镘، باخشى = 博士، تۇرۇپ =土萝卜،

www.uyghurkitap.com



3. «لەغمەن » ئاتالغۇسىدىكى «لەڭ» سۆزى ھەرىكەت ئۇرنىدا قوللىنىلىپ «ئۇرۇش، لەڭ سېلىش، سوزۇپ تاشلاش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇرۇن بۇ ھەقتە ئۆرۈمچىدىكى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «لەڭ» دېگەن سۆزنىڭ «ئاشتاختا» يەنى لەغمەننى ئاشتاختىغا ئۇرۇپ، سوزۇپ تەييارلاشنى ئىپادىلەيدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن.

4. گەرچە «لەغمەن » ئاتالغۇسى ھەققىدە كۆپ تالاش - تارتىشلار، قىزغىن مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلغان بولغان بولسىمۇ ھەم «لەغمەن » ياكى «لەغمەن » كەلىمىسىنىڭ 1759 - يىلى مانجۇ- چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر دىيارىنى رەسمىي ئىشغال قىلغان يىللاردىن باشلاپ خىتاي تىلىدىن مانجۇ ۋە تۇڭگانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆپ ساندىكى پىكىر قاتناشتۇرغۇچىلار ئېتىراپ قىلىدۇ ئەمما بۇ سۆزنىڭ زادى قاچان ۋە قانداق بىر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىتلاردا ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇملاشقانلىقى ھەققىدە ھەممىنى قايىل قىلارلىق جاۋاب ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

**ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيەدىكى «لەغمەن» دولقۇنى**

خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادى ۋە سودا تىجارەت ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، تىل ۋە مەدەنىيەتلەردە يېقىنلىققا ئىگە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەلىرىمۇ روشەن ھالدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە ، بولۇپمۇ ئۆتكەنكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ مۇناسىۋەتلەر راۋاجىنىڭ تېزلىششى بىلەن تەڭ ئالمۇتا، بىشكەك ۋە تاشكەنتلەردە بىزنىڭ كۆزىمىزگە روشەن كۆرۈنۈۋاتقان «ئۇيغۇر لەغمىنى» تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۈندىلىك تائاملىرى تىزىملىكلىرىگە كىرىپ كېلىشى، كىشلەرنىڭ بۇ تائامنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ يېيىشى، تەبىئىي بولغۇنكى ئوتتۇرا ئاسىيا «ئۇيغۇر لەغمىنى» قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈردى.

بىز يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان «ئۇيغۇر لەغمىنى» قىزغىنلىقىغا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيەسىدىن ھالقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چېگراسىدىن يىراقلارغا نەزەر سالساق، بۇ قىزغىنلىقنىڭ كەڭ رۇسىيە تېررىتورىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى مىيۇنخېندىن نيۇيوركقىچە، ۋاشىنگتوندىن لوس ئانجىلىسقىچە، لوندون،

پارىژ، ئىستانبۇلدىن دۇبەي ۋە خوڭكوڭغىچە، توكيودىن بېيجىڭ- شاڭخەيلەرگىچە بولغان دۇنيانى قاپلىغان «ئۇيغۇر لەغمىنى»، جۈملىدىن ئۇيغۇر تائاملىرى رېستورانلىرى چەمبىرىكىنىڭ تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بولۇپمۇ رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدە «ئۇيغۇر لەغمىنى» (Уйгуриский лагман) قىزغىنلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كېيىن يۇقىرى بىر پەللىنى ياراتقان. رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى «ئۇيغۇر لەغمىنى» قىزغىنلىقى ھەققىدە دۇنيا ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئېرىشكەن مەلۇماتلار بىزگە تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

■ بىز Google ئىزدەش توربېتىدىن روس تىلىدا ئىشلەن «لەغمەننى قانداق ھازىرلاش كېرەك» ياكى «ئۇيغۇر لەغمىنى ئېتىش ھەققىدىكى نەق مەيدان سىن كۆرۈنۈش» (Готовим лагман по уйгурски) دەپ يېزىپ ئىزدىگىنىمىزدە، ھازىرغا قەدەر توردا ئوچۇق ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر لەغمىنى ياكى لەغمەنگە مۇناسىۋەتلىك سىن كۆرۈنۈشلەر سانىنىڭ 10،200 قېتىم بار ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.[30]

■ ئېنگلىزچە ياكى لاتىن يېزىقىدا «leghmen» دەپ يېزىپ ئىزدىگىنىمىزدە Google دىن چىققان نەتىجىسى 2120 مىڭ قېتىم.[31]

■ روس يېزىقىدا «лагман» دەپ يېزىپ ئىزدىگەندىكى نەتىجىسى بولسا 877،000 قېتىم Google ئىزدەش توربېتىدا تۈرلۈك تېمىلاردا لەغمەن ھەققىدە رۇس

(30) بىز Google ئىزدەش توربېتىدىن روس تىلىدا ئىشلەن «لەغمەننى قانداق ھازىرلاش كېرەك» ياكى «ئۇيغۇر لەغمىنى ئېتىش ھەققىدىكى نەق مەيدان سىن كۆرۈنۈش» (Готовим лагман по уйгурски) دەپ يېزىپ ئىزدىگىنىمىزدە، ھازىرغا قەدەر توردا ئوچۇق ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر لەغمىنى ياكى لەغمەنگە مۇناسىۋەتلىك سىن كۆرۈنشلەر سانىنىڭ 10،200 قېتىم بار ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. (Google توربېتىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋاقتى: 2016 - يىلى 18 - دېكابىر)
https://www.google.co.uk/search?q=%D0%93%D0%BE%D1%82%D0%BE%D0%B2%D0%B8%D0%BC+%D0%BB%D0%B0%D0%B3%D0%BC%D0%B0%D0%BD+%D0%BF%D0%BE+%D1%83%D0%B9%D0%B3%D1%83%D1%80%D1%81%D0%BA%D0%B8&ie=utf-8&oe=utf-8&client=firefox-b&gfe_rd=cr&ei=GUxAWLCnILT38AeGjIjgBw
https://www.google.co.uk/search?q=%D0%93%D0%BE%D1%82%D0%BE%D0%B2%D0%B8%D0%BC+%D0%BB%D0%B0%D0%B3%D0%BC%D0%B0%D0%BD+%D0%BF%D0%BE+%D1%83%D0%B9%D0%B3%D1%83%D1%80%D1%81%D0%BA%-D0%B8&ie=utf-8&oe=utf-8&client=firefox-b&gfe_rd=cr&ei=GUxAWLCnILT38AeGjIjgBw

(31) ئېنگلىزچە ياكى لاتىن يېزىقىدا «leghmen» دەپ يېزىپ ئىزدىگىنىمىزدە Google دىن چىققان نەتىجىسى 2120 مىڭ قېتىم. (Google توربېتىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋاقتى: 2016 - يىلى 18 - دېكابىر)
https://www.google.co.uk/search?q=%D0%93%D0%BE%D1%82%D0%BE%D0%B2%D0%B8%D0%BC+%D0%BB%D0%B0%D0%B3%D0%BC%D0%B0%D0%BD+%D0%BF%D0%BE+%D1%83%D0%B9%D0%B3%D1%83%D1%80%D1%81%D0%BA%D0%B8&ie=utf-8&oe=utf-8&client=firefox-b&gfe_rd=cr&ei=GUxAWLCnILT38AeGjIjgBw#q=leghmen

www.uyghurkitap.com



تىلىدا مەنبەلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى.[32]

■ ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا «لەغمەن » دەپ يېزىپ Googggle ئىزدەش تورىدىن ئىزدىگەندىن كېيىن كۆرسەتكۈچلەر نەتىجىسى بولسا 109،000 قېتىم.[33]




11. رەسىم: ئىزدەش تورى Googggle دىن «لەغمەننى قانداق ھازىرلاش كېرەك» دەپ ئىزدىگەندە تېپىلغان نەتىجىسىنىڭ ئېكران كۆرۈنىشى.

(32) روس يېزىقىدا «лагман» دەپ يېزىپ ئىزدىگەندىكى نەتىجىسى بولسا 877،000 قېتىم Google ئىزدەش تورىدا تۆرلۈك تېمىلاردا لەغمەن ھەققىدە رۇس تىلىدا مەنبەلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى. (Google تورىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋاقتى: 2016 - يىلى 18 - دېكابىر)
https://www.google.co.uk/search?q=%D0%BB%D0%B0%D0%B3%D0%BC%D0%B0%D0%BD&ie=utf-8&oe=utf-8&client=firefox-b&gfe_rd=cr&ei=vExAWLeZKLT38AeGjIjgBw

(33) ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا «لەغمەن» دەپ يېزىپ Googggle ئىزدەش تورىدىن ئىزدىگەندىن كېيىن كۆرسەتكەر نەتىجىسى بولسا 109،000 قېتىم. (Google تورىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋاقتى: 2016 - يىلى 18 - دېكابىر)
https://www.google.co.uk/search?q=%D0%BB%D0%B0%D0%B3%D0%BC%D0%B0%D0%BD&ie=utf-8&oe=utf-8&client=firefox-b&gfe_rd=cr&ei=vExAWLeZKLT38AeGjIjgBw#q=%D9%84%DB%95%D8%BA%D9%85%DB%95%D9%86+

مانا يۇقىرىدا دۇنيا تورىدىكى ئەڭ چوڭ ئىزدەش مۇلازىمىتى بولغان Google نىڭ «لەغمەن » ھەققىدە ئىزدەپ تېپىپ بەرگەن سانلىق رەقەملىرى ئارقىلىق روس تىلى قوللىنىدىغان پوتكول ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيەدە ئۇيغۇر لەغمىنى قىزغىنلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئومۇملىشىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئەمدى رۇسىيەدە ئۇيغۇر لەغمىنىنىڭ كەڭ ئىستېمال قىلىنىشقا يۈزلىنىشى ۋە بازار تېپىشىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئامىللارغا باغلاپ چۈشىنىشىمىز مۇمكىن:

■ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى رۇسلار ۋە روس تىلىدا سۆزلىشىدىغان تۈركى خەلقلەرنىڭ رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى رۇسلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى؛

■ خىتاي - رۇسىيە سودا - ئالاقىلىرىنىڭ كۈچلىنىشى، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى رۇسىيەنىڭ 2014 - يىلى 18 - مارت ئۇكرائىنانىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىنى بېسىۋېلىشىدىن كېيىن ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى ئېمبارگوسىدىن كېيىنكى رۇسىيە ئىقتىسادىنىڭ شەرققە يۈزلىنىشى تۈرتكىسىدە تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىۋاتقان رۇسىيە ۋە خىتاي ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەسىرى؛

■ خىتاي ئۇيغۇر دىيارىنىڭ مەركىزى شەھىرى ئۈرۈمچىنى نۇقتا قىلغان خىتاي غەربىي شىمال چېگرا سودىسىنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەقەززاسىدا يېڭى سىبىرىيە، ئاستانا، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن باغلانغان بىۋاستە ھاۋا قاتناش لىنىيەلىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تېز راۋاجلىنىۋاتقان رۇسىيە -خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرى بويىچە ئۆز- ئارا تەسىر كۆرسىتىشى؛

■ ئۆزبېكلەرنىڭ ئاكتىپ رول ئويناپ موسكۋا قاتارلىق رۇسىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە رېستورانلار ئېچىپ «لەغمەن » دېگەن تائامنى تونۇشتۇرۇشقا قىسمەن ۋاستىچى بولۇشى؛

■ بۇ يەردە «لەغمەن » ئاتالغۇسىنىڭ لەغمەننى ئىستېمال قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدىكى يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشىدا قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسمۇ ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى «لەغمەن » تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلغانلىقى ھەم كۆپىنچە رېستورانلاردا «ئۇيغۇر لەغمىنى» دېگەن بىلەن بۇ تائامنىڭ تەدرىجىي ئومۇملىششقا يۈزلىنىشى؛

■ گەرچە لەغمەن ئۇيغۇر جانلىق ۋە يېزىق تىللىرىدا «لەغمەن ، لەغمەن، لەگمەن» دەپ ئاتالسىمۇ ئەمما قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە رۇس تىللىرى ۋە يېزىقلىرىدا بىردەك «لاگمەن ياكى ئۇيغۇر لەگمىنى» Лагман - Уйгуриский лагман دەپ ئاتىلىشى سەۋەبلىك بۇ تائام ئىسمىنىڭ ئومۇمىي بىر ئۇقۇمغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتىشىمىز كېرەككى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيەدىكى رېستورانلارنىڭ تائام تىزىملىكىدە «ئۇيغۇر لەغمىنى» ياكى «لاغمەن» دەپ ئاتالغان تائامدىن باشقا يەنە «лапша» (لاپشا - چۆپ) دەپ ئاتىلىدىغان، چۆپى سۇيۇقئاشنىڭ چۆپىدەك ھازىرلىنىدىغان، خۇرۇچلىرى ئاددىي بولۇپ مۇنداقچە ئېيتقاندا لەغمەندىن كۆرە سۇيۇقئاشقا يېقىنراق كېلىدىغان بىر خىل تائامنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىشىلەر بەزىدە «لاپشا» چۆپ تامىقىنى «لەغمەن » نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياچە» يەرلىك ئۇسلۇبىدىكى بىر ھازىرلىنىش شەكلى دەپمۇ قارايدۇ.

**دۇنيانىڭ ھەر قايسى جۇغراپىيەلىك رايون ۋە ئەللەردىكى لەغمەننىڭ كۆرۈنۈشلىرى:**



1.7 - رەسىم: ئۈرۈمچى لەغمىنى



2 .7 - رەسىم: غۇلجا لەغمىنى



3 .7 - رەسىم: بۇخارا لەغمىنى by Skipper

www.uyghurkitap.com






4 .7 - رەسىم: موسكۋا لەغمىنى

بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاشقىرى جاھانغا تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر لەغمىنى ھەققىدە تولۇقلاپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان «لەغمەن » ناملىق بۇ تامىقنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يېقىنقى ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگىمۇ تونۇتۇشقا باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن رۇسىيەنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر لەغمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تونۇلۇشىدا ئۆرۈمچىدە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىرتىدا دادىل تىجارەت قىلىشنى باشلىغان «ھەرەمباغ» قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئىگىلىكىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چوڭ تىجارىي كارخانىلار ئاساسلىق رول ئوينىغان بولسا، يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى يىگىرمە يىللاردىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىگە كېلىپ تىجارەت قىلىشى، كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلىششى قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللار ھەم مۇھىم رول ئوينىغان.

## دۇنيادىكى لەغمەنخانىلار

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قايناق شەھەرلىرىدە بولسۇن ياكى چەت-ياقا يېزا-قىشلاق بازارلىرىدا بولسۇن لەغمەننى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەييارلايدىغان تامقى قىلغان ئاشپۇزۇللار، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىشكى ئۈستىگە رەسمىي نام شەرىپى يېزىلمىغان «لەغمەنخانىلار» ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇر

يۇرتلىرىدا لەغمەنخانىلار ئادەتتە مەھەللە - كويلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىدا، قايناق كوچىلاردا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىنى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشپۇزۇل قىلىپ ئاچقان بولىدۇ. بۇ لەغمەنخانىلارنىڭ لەغمىنىنى كىشىلەر ئادەتتە «ئۆي لەغمىنى» دەپ ئاتىشىدۇ. لەغمەنخانىلارنىڭ تامىقى يېيىشلىك بولۇپ باھاسى ئالاھىدە ئېمتىيازغا ئىگە شەھەر مەركەزلىرىدىكى رېستورانلاردىن ئەرزان بولىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدىكى بەزى لەغمەنخانىلار يەنە كىشىلەر توپلىشىپ لەغمەن يېگەچ پاراڭلىشىدىغان، چاي ئىچىشىپ ئۆز-ئارا مۇڭدىشىدىغان مەھەللە - كوي كىشىلىرىنىڭ بىر ئاممىۋي سورۇنىدۇر ۋە بۇ سورۇنلار بەزىدە «چايخانا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لەغمەنخانىلار بىلەن چايخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر بولسىمۇ ئەمما ئۇلار تۈپتىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇر لەغمەنخانا ۋە چايخانا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئۇ بىر غەيرى رەسمىي جەمئىيەت مەكتىپى بولۇپ سىزگە ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان يۇرت ھەققىدە ئەتراپلىق جەمئىيەت بىلىملىرىنى بېرىدۇ. مەھەللە كويلاردىكى چايخانا ۋە لەغمەنخانىلاردا بولۇپ ئۆتكەن چاقچاقچىلارنىڭ، مەدداھلارنىڭ يەنە قانداقتۇر تالاي كىشىلەرنىڭ ئۆزى، ئۆز جەمئىيىتى ۋە دۇنيا ھەققىدە ئېيتقان تۈرلۈك تېمىلاردىكى پاراڭلىرى سىزنىڭ ھايات خاتىرىڭىزگە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بولىدۇ. مېنىڭ ۋەتەن دىيارىدىكى ۋاقىتلىرىمدا تالاي چايلارنى ئىچكەن، لەغمىنىنى يېگەن ، ھازىر جىسمانىي مەۋجۇتلۇقى ئاللابۇرۇن ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن، خاتىرىسى قەلبىمىزدە ھەر ۋاقىت ياد ئېتىلىپ تۇرىدىغان ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈكتىكى لەغمەنخانا ۋە چايخانىلار بولسۇن، مەيلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئارقا كوچىلىرىدا تۇرخۇنىدىن قويۇق ئىس چىقىپ تۇرىدىغان ئاشپۇزۇللار، چايخانىلار بولسۇن، مەيلى ئاقسۇ شەھرىنىڭ بىر زامانلاردىكى ۋاگسەن ۋە تۆمۈرچى كوچىلىرىدىكى لەغمەنخانىلار بولسۇن، ياكى بالىلىقىمدا شايار ئىگەچى كوچىسىدا قارا خىش چاي ۋە ناۋات سېلىنىپ ھازىرلىنىدىغان «بولاق چىنە چاي» غا تونۇردىن ھازىر چىققان گىردە ناننى چىلاپ يېگەچ ھېكايىلەر ئاڭلىغان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنىڭ گۈزەل ئەسلىملىرى بولسۇن ھەممىسى تەبىئىكى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان چايخانا، لەغمەنخانىلارغا باغلانغان ئىدى.

ۋەھالەنكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر لەغمەنخانىلىرى

ئاساسەن دېگۈدەك كەسپىي يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، «لەغمەنخانا» نامىدا ئۈزلۈكسىز ئېچىلىۋاتقان ئاشپۇزۇللار ھەتتا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەرب دۇنياسىغا تارقىلىشقا باشلىغان.

**دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايون ۋە ئەللىرىدىكى لەغمەنخانىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى:**




1.8 - رەسىم: ئالمۇتىدىكى بىر لەغمەنخانىغا زىيارەت.




2.9 - رەسىم: موسكۋادىكى «1 - نومۇرلۇق لەغمەنخانا» نىڭ كۆرۈنۈشى.

## لەغمەننىڭ تۈرلىرى ۋە تەييارلىنىش ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇر لەغمىنى ئادەتتە تەييارلىنىش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن پىلتا لەغمەن (سوزۇپ ئاش)، باغلام لەغمەن (بازىمەن)، كەسكەن لەغمەن ، ياپلاق لەغمەن ، توم لەغمەن (قامچا لەغمەن )، قۇرما لەغمەن (بوسو) دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار لەغمەننىڭ قورۇمىسىغا ئىشلىتىدىغان كۆكتاتلار تۆت پەسىل بويىچە تۈر - تۈرلەرگە ئايرىلىپ ھازىرلىنىدۇ. ئۇيغۇر لەغمىنى قېرىلار، ياشلار ۋە ئاغرىق كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلتۈرۈپمۇ تەييارلىنىدۇ. لەغمەن تۈرلىرىنىڭ نۇرغۇن بولۇشىمۇ بىرىنچىدىن نۆۋەتتە بۇ مەززىلىك تاماقنى كۆپچىلىك ياخشى كۆرگەن، نەتىجىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى مابەينىدە شەكىل جەھەتتىنمۇ ياكى ئۇنىڭ قورۇمىسىنى ھازىرلاش جەھەتتىنمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن. مۇشۇ كۈنلەردىمۇ «لەغمەن » دېگەن بىر نامى بار بولغىنى بىلەن ئەمما ئۇنىڭ تۈرلىرى، تەييارلاش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

لەغمەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقى كۈندە ئەڭ كۆپ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تائاملارنىڭ بىرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ نامى «مۇھەببەت ئېشى» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار «لەغمەننىڭ خېمىرى ئوخشىسا ئېشى ئوخشايدۇ» دەپ لەغمەن خېمىرىنىڭ تەييارلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدۇ. ئادەتتە لەغمەن خېمىرىنى يۇغۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى پەسىلگە قاراپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. لەغمەننىڭ خېمىرى يۇغۇرۇلۇپ، زوۋۇلىسى ئۈزۈلۈپ تەييار بولغاندىن كېيىن لەغمەننىڭ سوزۇلۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

1 - قىلدەك سوزۇش - بۇنى ئاساسەن ھازىرلانغان خېمىر زوۋۇلىسىنى ئەمبەل ئۈستىگە ئۇرۇپ ۋە سىلىكىپ تۇرۇپ تەييارلايدۇ ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەنمۇ ئىنچىكە قىلىپ سوزغىلى بولىدۇ.

2 - ئىنچىكە سوزۇش - بۇ خىل لەغمەن خېمىرىنى ھەر تۈرلۈك ئۇسۇلدا چىغدەك قىلىپ، ئىنچىكە سوزىدۇ.

3 - ئوتتۇرىچە سوزۇش - بۇنىڭ توغرا كەسمىسى 3 - 4 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، چۆپ ئىككى قايناقتىلا پىشىدۇ.

4 - ئارا سوزۇش - لەغمەن خېمىرىنىڭ توغرا كېسمى 5 - 6 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۈچ قېتىم تولۇق قايناپ چىققاندىن كېيىن پىشىدۇ. [34]

(34) «ئۇيغۇر ئۆرۈپ - ئادەتلىرى» مەسۇمجان زۇلپىقاروف، قازاقىستان مىر نەشرىياتى، 2010 - يىلى ئالمۇتا. ئۇيغۇر سىلاۋيان ۋە روس يېزىقلىرىدا، 138 ۋە 139 - بەتلەر.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملۇققا ئايلانغان لەغمەننى تەييارلاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

**لەغمەن خام ماتېرىياللىرى:**

ئۇن، گۆش، سۇ يېغى، يېسسىۋېلەك، كۆك-قىزىلمۇچ، سامساق، غول پىياز، پەمدۇر، يۇمشىتىلغان قىزىلمۇچ (پەمدۇر قىيامى)، سامساق؛

**كېرەكلىك تەم خۇرۇچلىرى:**

تۇز، كاۋاۋچىن، ئاچچىقسۇ

**لەغمەن خېمىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

پەسلىگە قاراپ ئۇنغا تۇز ۋە سۇ قۇيۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىرنى پورەك چىققىچە ئىشلەپ، 15 مىنۇتتىن تۇرغاندىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا زوۋۇلا ئۈزۈپ، زوۋۇلنى ياغلاپ تۇرۇپ بىگىز قولدەك تومۇلۇقتا ئۇزۇنچاق پىلتا قىلىمىز. پىلتىلەرنى دەستىلەپ تىزغاندا، ھەر قەۋىتىنىڭ ئۈستىنى ياغلاپ تۇرۇش كېرەك. پىلتىلەر تەييار بولغاندا يەنە 15 - 10 مىنۇت تىندۇرىمىز.

**لەغمەننىڭ قورۇمىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

گۆش ۋە كۆكتاتلارنى ئۇششاق دان - دان قىلىپ بىر خىل شەكىلدە توغراپ تەييارلىۋالىمىز (ئادەتتە بىر كىلوگرام لەغمەن ئۇنىنىڭ چۆپى ئۈچۈن 170 گىرام گۆش ئىشلىتىمىز).

**كۆكتاتلارنى قورۇش ئۇسۇلى:**

قازانغا ئازراق ياغ قۇيۇپ (بىر كىلوگىرام لەغمەن ئۇنىنى ئۆلچەمى بويىچە 140 گىرام سۇ يېغى ئىشلىتىمىز)، گۆشنى سېلىپ ئاندىن غولپىياز، يۇمشىتىلغان قىزىلمۇچ سېلىپ قورۇپ ئازراق تۇز سالىمىز. ئاندىن يېسسىۋېلەك (ياكى چوكا پۇرچاق، سامساق غولى، بەرەڭگى، پىدىگەن) سېلىپ، ئاندىن كۆك-قىزىلمۇچ، پەمدۇر سېلىپ قورۇپ، ئازراق كاۋاۋچىن ئۇنى سېلىپ مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، تۇز تەمىنى تېتىيمىز، ئاچچىقسۇ ۋە سامساق سېلىپ بولغاندىن كېيىن بىر قاچىغا ئېلىۋالىمىز.

**خېمىر پىلتىسىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:**

قازانغا چۆپ لەيلەپ پىشقۇدەك سۇ قۇيۇپ، سۇنىڭ ئۆرلەپ قاينىشىغا ئۈلگۈرتۈپ

تىنغان پىلتىنى بىر-بىرىدىن ئېلىپ ئاشتاختىدا ئىككى ئالقان بىلەن دومىلىتىپ تەكشىلىۋېلىپ، ئاندىن ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ سوزۇپ ئاشتاختا ئۈستىگە قاتار-قاتار تىزىمىز، ئاندىن ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ ئىككى بىلىكىمىزنى كېرىپ ئاستا ۋە داددىللىق بىلەن سوزۇپ، ئوتتۇرىسىنى ئاشتاختىغا بوش-بوش ئۇرۇپ، بىر غۇلاچ بولغاندا قاتلاپ يەنە سوزىمىز. ئىنچىكە سوزۇلغاندا، بىر ئالقىنىمىزغا يىغىلغان پىلتا بېشىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئىنچىكە سوزۇلغان خېمىرنى قازانغا تاشلاپ بەش مىنۇت قاينىتىمىز.

چۆپ پىشقاندىن كېيىن سوزۇپ ئېلىپ، سوغۇق سۇدا چايقاپ، ئاندىن ئاش ئىسسىتىپ ياكى شۇ پېتىچە چىنىلەرگە ئېلىپ ئۈستىگە تەييارلانغان قورۇمىسىنى قويۇپ ئىستېمال قىلىمىز.[35]



1.10 - رەسىم: لەغمەن قورۇمىسىنىڭ كېرەكلىك خام ماتېرىياللىرى

---

(35) غۇلجىنىڭ لەڭمىنىنى تەييارلاش ئۇسۇلى: http://axpaz.cn/munbar/read.php?tid=884

روسچە ئۇيغۇر لەغمىنىنىڭ ھازىرلىنىشى ھەققىدىكى ماللۇماتلار- Talerka TV روسىيە: Lamian (Lāmiàn, Lag'mon, 拉面, لەغمەن
http://talerka.tv/ru/recept/uyghur/laghman

روسچە ئۇيغۇر لەغمىنىنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرى - Уйгуриский лагман
http://cookingman.ru/cooking-book/myaso/lagman-uygurskiy.html

روسچە ئۇيغۇر، ئۆزبېك لەغمەنلىرىنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرى
Лагман. Как приготовить Уйгурский, Узбекский лагман
/http://www.asia-travel.uz/uzbekistan/cuisine/lagman

روسچە ئۇيغۇر لەغمىنىنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرى:
Готовим лагман по уйгурски 2.0 Настоящий Уйгурский Лагман
https://www.youtube.com/watch?v=AkheDoN5NQE

ئۇيغۇر لەغمىنىنىڭ تەييارلىنىشى ھەققىدىكى سىن كۆرۈنىشى Talerka TV روسىيە :. https://youtu.be/-HGWyiZk0fo

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com





2 .11 - رەسىم: ئالمۇتىنىڭ سۇلتان قورغاندىكى بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ئاياللار لەغمەن چۆپىنى ئەشمەكتە. (2016 - يىلى، ئىيۇل)

**خۇلاسە**

ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاش مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك بەلباغدا ئۆز ئەتراپىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر - بىرىنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي خاسلىقىغا ئىگە تائاملىرىنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسىنى، تەۋەلىك خەلقلەر توپىنى ئېنىق ۋە توغرا تېپىپ چىقىش قىيىن بولغان بىر مەسىلىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي مىللىي تائاملىرى دەپ بىلىدىغان لەغمەن ، پولۇ ، سامسا، نان قاتارلىق يېمەك- ئىچمەكلىرىنى مىسال قىلالايمىز. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ دەپ بىلىپ كېلىۋاتقان بۇ تائاملار ئىچىدە لەغمەندىن باشقا تەييارلىنىش ئۇسۇلى ۋە تەمى پەرقلىق بولسىمۇ ئەمما نامى پولۇ ، سامسا، نان دەپ ئاتىلىدىغان تائاملار ئوتتۇرا، جەنۇبىي ۋە غەربىي ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئومۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن يېمەك ـ ئىچمەكلەردۇر.

ئەگەر تەييارلىنىش ئۇسۇللىرى ۋە تەمى ئوخشاش بىر خىل تاماق تولپلىشىپ ياشايدىغان بىر خەلقلەر توپى ئارىسىدا تەدرىجىي ھالدا ئومۇمنىڭ بىردەك ئىستېمال قىلىدىغان تائامغا ئايلانسا، دېمەك ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خەلقنىڭ مىللىي تائامغا ئايلىنىپ كېتىدۇ چۈنكى ئۇ تائامدا بىر مەدەنىيەتتىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق بەھرىلىنىش لەززىتى بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئايرىم مىللىي تەۋەلىك بويىچە سېزىش ئالاھىدىلىكلىرىمۇ سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ خىل يېمەك-

ئىچمەكنىڭ ئومۇمىيلىققا ئايلىنىشى ئەلۋەتتە شۇ تائامنى ئىستېمال قىلىدىغان خەلقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئارقىلىق بەلگىلەنسە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاش بىر خىل تاماقنى ئىستېمال قىلىدىغان خەلق شۇ تائامنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ، مەزكۇر تائامنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئوخشىتىپ ئېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر تائامدىن تەڭ ھوزۇرلىنىدىغان خەلقلەر شۇ تائامغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، تەمنى ياخشى بىلىدۇ ۋە قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە ھەقىقىي بىر يەرلىك تەمگە ئىگە تائامنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى بىر خەلقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بىر تائام مەدەنىيىتىنى ئورتاقلىشىدىغان خەلقلەر ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكلۈك ئېڭىنى ئۇرغۇتىدۇ. [36]

لەغمەن گەرچە بۇ تائام ئۇيغۇرلار ياشىغان مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يارىشا ئۇزاق بىر تارىخىي ھايات پائالىيەتلىرى داۋامىدا يوقتىن بەرپا قىلىنىپ يارىتىلغان، ئۇيغۇر تۇرمۇش ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە بۈگۈن ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان تائام بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بولۇپمۇ كۆكتات قورۇما تەييارلاش ئۇسۇللىرىنىڭ شەرق خەلقلىرى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تەسىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنلىكىنى رەت قىلالمايمىز. بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەن خەلقلىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ خىتاي تائاملىرىنىڭ ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر تائاملىرىدىن بىز ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خىتاي تائاملىرىنىڭ روشەن ئېلېمېنتلىرىنى بايقىيالايمىز. ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ باشقا قوشنا مىللەتلەر تائاملىرىدىن پەرقلىق ۋە ئۆزگىچە بولۇشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتىكى ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقى قاتارلىق ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇللىرى خىتاي

(36) «پولو، لەغمەن، سۇ سەي: ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتاي ئوتتۇرسىدىكى ئۇيغۇرلار» Ildiko Beller-Hann, M.Cristina Cesaro, Rachel Harris, Joanne Smith Finley تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان.2007ـ يىلى ئەنگلىيە Ashgate نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان

M. Cristina Cesaro, “Polo, laghman, so say: Situating Uyghur food between Central Asia and China” - Chapter 10, page 200-201; Book “Situating the Uyghurs between China and Central Asia”, Edited by Ildiko Beller-Hann, M.Cristina Cesaro, Rachel Harris, Joanne Smith Finley, published by Ashgate 2007; ISBN 978 0 7546 70414)

تائاملىرىغا بىلەن ئوخشمايدۇ دەپ قارىلىپ كەلسمۇ ئەمما بەزى خىتاي تائاملىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەر تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ھەم ئافغانىستاندا كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ، قازاق قاتارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن تائام ئېتىش ئۇسۇللىرى ئۆز - ئارا بىر - بىرلىرىدىن ئۆگىنىش ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان بىر تائام تەييارلاش ئەنئەنىسىنى ياراتقان.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا گەرچە ئۇلار ئارىسىدىكى تائاملاردا قىسمەن پەرقلەر بار بولسىمۇ بىراق بۇ پەرقلەر ئومۇمىي تۈركى مىللەتلەر تائام مەدەنىيەت ئەنئەنىسى رامكىسى ئىچىدىن تۆپتىن ھالقىپ چىقىپ كەتمىگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر لەغمىنى ئۇيغۇر دىيارىدا، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بولسۇن بىردەك ياكى پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ تائامى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، ھەتتا رۇسىيەدە بۇ تائامنى «ئۇيغۇر لەغمىنى» نامى بىلەن ئاتاش خاس بىر تائام ئىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق لەغمەن ئىگىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىكەنلىكى ئېنىق شەرھلەنگەن. ■



15. لەغمەننىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى كۆرۈنۈشلىرى.

مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ[1]

# ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي ئەقىدىلىرىگە بىر نەزەر

## (ئىلاھىي رەھمەتنىڭ ئۇمۇمىيلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللىرىمگە بىر ئىلاۋە مۇناسىۋىتى بىلەن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرئەھمەت قۇربان

رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىي ئەھۋالىغا قارىغىنىمىزدا، مەكتەپ مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش، مائارىپ مېتودىنى يېڭىدىن بېكىتىش، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللار، ئىقتىسادىي كىملىكلەر، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي مەتبۇئات، مىللىي تىل ۋە يېزىقچىلىق قائىدىلىرىگە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەرنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ مەسىلىلەر پەقەت رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇسۇلمان دۇنياسى ئۈچۈنمۇ غايەت مۇھىم مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەممە ئادەم بۇنى بىلىدۇ. مەنمۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىمەن.

لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ ئەھمىيىتى باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھېچبىرىنى مۇھىملىق دەرىجىسىدىن چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ. مۇھىملىق مەيدانىدا ھېچقانداق تارلىق يوقتۇر. بىر مەسىلە بەك مۇھىم بولغاندا، باشقا مەسىلىلەرمۇ ئاز بولمىغان دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئېھتىياجلىرى،

---

(1) بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014- يىللىق 3- سانىدا مۇسا جارۇللاھنىڭ، ئىمام شاتىبىينىڭ «مۇۋافەقات» ناملىق ئەسرىگە يازغان مۇقەددىمىسىنى نەشر قىلغان ئىدۇق. مەلۇمكى، تاتار تۈركلىرىنىڭ كاتتا مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان مۇسا جارۇللاھ، 1875- يىلى جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ پەنزا ۋىلايىتى چەمبەر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1949- يىلى قاھىرەدە ۋاپات بولغان. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىلىقچى پىكىر ئېقىمىنىڭ بايراقدارى بولغان. بۇ مەقسەتتە ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ياۋروپادىن ياپونىيەگىچە، ھىندىستاندىن مىسىرغىچە مۇشەققەتلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ، مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن جاپالىق كۆرەش قىلغان. جارۇللاھ، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى بىلەن بىللە پىكرىي جەھەتتىنمۇ نۇرغۇن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كۆپ قىرلىق بىر ئالىم. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوقۇرمەنلەردىن بەزىلىرى ئۇنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئىسلام ئۈممىتىنى ۋە تۈرك مىللىتىنى سىياسىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى قاراڭغۇلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆلگىلىك بىر مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇشنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك. بىز ژۇرنىلىمىزدا ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا تىل بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەسەردە ئىشلىتىلگەن بىر نەچچە بېيىتلىق پارسچە شېئىرنى چىقىرىۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاخىرىدا تېما بىلەن بىۋاستە بىر نەچچە پاراگراپلىق مەلۇماتنى بۇ نەشرگە كىرگۈزمىدۇق. - نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەمچىلىكلىرى نەقەدەر كۆپ بولسا، ئۇ مىللەت ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىلەر شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. شۇنداق كۆپ مەسىلە بار تۇرۇپ «ئۇ مەسىلىنى قويۇپ تۇرە! » دېيىش، مېنىڭچە مۇۋاپىق بىر پىكىر بولالمايدۇ. مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بىلەن بىر كىشى، يەنە بىرى بىلەن باشقا بىر كىشى، ئۈچۈنچىسى بىلەن ئۈچۈنچى بىر كىشى مەشغۇل بولسا بۇ ناھايىتى ياخشى بولغىنى.

بىر پەردىلىك ھايات دىرامىسىدا شۇ پەردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە جىددىي روللار ئوينالسا مىللەتنىڭ ھاياتىدىمۇ، ئۇمۇمى مەدەنىي ئەھۋالىدىمۇ شۇ مىللەتنىڭ روھى دۇنياسىدىمۇ تېخىمۇ مۇھىم روللار ئوينىلىدۇ. بىلىشىمچە مىللەتلەرنىڭ ئىمان ئېڭى ئىنسانىيەت تارىخىدا غايات چوڭ تەسىرلەرنى قالدۇرغان. ئەكسىچە خۇراپىي ئېتىقادلار مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرىگە كاتتا تۇرغۇنلۇقلار ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟ دىنىي ئېتىقاد بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا شۇنداق ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان كۆرەشلەر، ئىمانىي ئاڭنىڭ مېۋىسى ئەمەسمۇ؟ مىللەتلەرنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش دۈشمەن قىلىپ قويغان نەرسە «ئىمان» ئىسمى بىلەن كۆڭۈللەردە تۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن نەزىرىيەلەر ئەمەسمۇ؟ ئىنساننى ياخشى-يامان ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدىغان ھەمدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن توسىدىغان نەرسە يەنە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئەمەسمۇ؟

ئەقىدىلەرگە يەنە شۇ نۇقتىدىن قاراش پىرىنسىپىم بويىچە مەن ئىسلام ئەقىدىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولسام، باشقا ئىنسانلار سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولسا بولمامدۇ؟ مەن ئېتىقاد ئىلمى بىلەن چوڭقۇرلاپ مەشغۇل بولسام، مېنىڭچە بۇ بىكار ئىش قىلغانلىق بولماس! مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويىدىغان دەرىجىدە زىيانمۇ بەرمەس! بەلكى پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمىگە گۈزەل بىر قاراش ئېلىپ كېلىش نۇقتىسىدىن قىلىۋاتقان بۇ ئىشىم مىللىتىمىزگە ناھايىتى كاتتا پايدىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

دەۋرقە، «ئۇمۇمى نىجاتلىق» مەسىلىسى «ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئەينىسىمۇ ياكى ئارتۇقمۇ»، « ئېھتىياج سەۋەبىنىڭ (ئىللەت) ئىمكانمۇ ياكى ھۇدۇسمۇ» دېگەندەك تۇرمۇشتا پايدىسى يوق ياكى «ھەزرىتى ئەلىيمۇ ئەۋزەل ياكى ھەزرىتى ئوسمانمۇ؟» دېگەندەك ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا زىيانلىق مەسىلىلەر بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مەن «ھەي ئويلىنىپ باق!» دەيدىغانلارنىڭ

چاقىرىقلىرىغا ۋە پەرىيادلىرىغا قۇلاق سالغان بولاتتىم. «بۇنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىمراق مەسىلىلەر بار. بۇ ئىشنى تاشلا!» دېگەندەك سۆزلىرى بىلەن تەدبىر پەلسەپىسى ساتىدىغان مۇرشىدلارنىڭ ئىرشادلىرىغان قۇلاق سالغان بولاتتىم. ياكى بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىككى ماقالىسىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ مىللەتنى پاك ھىسسىياتتىن پۇتۇنلەي يىراقلاشتۇرىدىغان گۇمانخورلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالغان بولاتتىم. ياكى «ئىسلام ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن، پەقەت مۇسۇلمانلار ھەممە نەرسىدىن ... دۇر» دېگەندەك سۆزلەرنى بىلجىرلاشقا جۈرئەت قىلغان ئەدىبلەرنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سالغان بولاتتىم.

لېكىن مەن بىلىمەنكى، ئۇمۇمىي نىجاتلىق مەسىلىسى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ھايات نۇقتىسىدىن قارىغاندا بەكمۇ مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئەمدى ئوتتۇرىغا تاشلاش ئىشنى قۇيرۇقىدىن باشلاش ئەمەس، بەلكى ئىشنى ئەڭ بېشىدىن ۋە ئەڭ ئۇلىدىن باشلىغانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھېسسىي ھەرىكىتى، قەلبى ۋە نېرۋىسى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىمان بىلەن تولغان ئەقىدىسى بىلەن بولىدۇ. ئۇنداق بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىغا گۈزەل بىر ئىدىيە، ئىستىقبال جەھەتتىن گۈزەل بىر ئۈمىد بېغىشلايدىغان ھېچقانداق مەسىلە، ھېچقاچان مىللەت ئۈچۈن زىيانلىق بولمايدۇ. «بۇ مەسىلىنىڭ ۋاقتى تېخى يېتىپ كەلمىدى.» دېيىشتەك «تەدبىرچانلىق»لارغا ئېتىۋار بېرىش تەدبىرلىك ئىش قىلغانلىق بولمايدۇ.

ئەمدى ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي ئەقىدىلىرى مەسىلىسىگە كېلىدىغان بولساق ئۇنىڭ ھەر ھالىتى – ئىلاھى قانۇنلار بويىچە- باشلانغۇچتا بىر ئۇرۇق باسقۇچىدا بولۇپ، زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ھەرقانداق بىر ھالەتنىڭ بالىلىق دەۋرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھەرقانداق بىر ھالەتنىڭ تاكامۇللاشقان دەۋرى بولىدۇ. بۇ ئىككى ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى يالغۇز ئاللاھ بىلىدۇ.

ھەر ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولسا، ئىنساننىڭ ئەقلىدىكى «توغرا يولدا بولۇش» ئەھۋالى، ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە ئىلاھىي ئەقىدىگە ئېرىشىش باسقۇچلىرى ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئىنسان ئېتىقادىي جەھەتتىنمۇ بالىلىق چېغىدىن ھالقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



تاكامۇللىششى باسقۇچىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىنساننىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئېتىقادىي باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشىنىمۇ ئاللاھ بىلىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بەك توغرا بىر يول ئۈستىدە ۋە توغرا بىر ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. بىر كىشى ئەقلىي سەبىيلىك ھالىتىدىن ئاقلانىلىك باسقۇچىغا قاراپ قانداق ئىستىقامەت ئۈستىدە ھەرىكەت قىلسا، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەقلىمۇ باللىق ئەقىدىسىدىن ھەقىقەت ئەقىدىسىگە قاراپ شۇنداق ئىستىقامەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئىلاھىي قانۇننى قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن: «شۈبھىسىزكى مەن، ھەم ئۆزەمنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەمدە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان ھېچقانداق بىر مەخلۇق يوق. مېنىڭ رەببىم ھەقىقەتەن توغرا يولدا»[2].

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىدە گۇمان يوق. ھەرقانداق ئىنسان بۇنىڭغا داخىل. ھەر قانداق ئىنساننىڭ كونتىرولىلۇقى توغرا ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىدىن قارىغاندا، بارلىق ئىنسانلار توغرا يولدا بولغان بولىدۇ. يەنى ئەقىدە دەۋرى باللىق دەۋرىدىن ھەقىقەت باسقۇچىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى توغرا يولدىن ماڭغان بولىدۇ. بۇ يول ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىنسانلارغا تەبىئىي ۋە تەدرىجى ھالدا ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن باللىق دەۋرى بىلەن ھەقىقەت دەۋرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقادلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ھېچبىر ئىنسان جازالاندۇرۇلماسلىقى لازىم.

ئىككىنچى بىر مىسال: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەما، توكۇر ۋە مېيىپ كىشىلەرگە ھېچقانداق گۇناھ يوق».[3] بۇ مەزمۇندىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى يۇقارىدىكى قاراشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر قۇرئاننىڭ بىر قانچە سۈرىسىدە مەۋجۇتتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا، قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇسلۇبىغا قاراپ مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا ئايەتتە ئۆتكەن «ھەرەج» كەلىمىسىنىڭ مەنىسى قانداق بولىدۇ؟

ئەمالىق، توكۇرلۇق ۋە كېسەللىككە ئوخشاش جىسمانىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

(2) ھۇد سۈرىسى، 11/56.

(3) نۇر سۈرىسى، 24/61 ۋە فەتىھ سۈرىسى، 48/17.

مەسجىدكە بېرىش، جىھادقا چىقىش قاتارلىق ئاسان ئىشلار، «ھەرەج»[4] بولغانلىقتىن مۇبارەك شەرىئەتنىڭ يول قويۇش ئاساسىغا تايىنىپ ئىنسانلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان بولسا، «ھەقىقىي ھىدايەت»تەك ئىنسان ئەقلىدە مەيدانغا كەلگەن ئېغىر بىر ئىللەت ئەلۋەتتە شەرىئەت نەزىرىدە «ھەرەج» ھېسابلىنىدۇ. ئىلاھىي ئەقىدە بابىدا بارلىق قۇسۇرلار مۇبارەك شەرىئەتنىڭ يول قويۇش ئالاھىدىلىكى بويىچە كەچۈرۈم قىلىنغۇسى. ئۇسۇلۇددىن (ئېتىقاد) ۋە فۇرۇئۇددىن (فىقھ) بىلەن ئوخشاش ھالدا فۇرۇئۇ فىقھتا شەرىئەت تەرىپىدىن سەرپ قىلىنغان ئىقرار ئالدىنقى قاتاردا ئۇسۇلۇددىنىدىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. مۇشۇ مەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر ھەقىقىي ئىلاھىي ئەقىدە فۇرۇئۇ فىقھىنىڭ ھەقىقىتىگە ئوخشاش لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى بەدەندىكى كىچىككىنە بىر ئىللەتنىڭ بارلىقى بىلەن ئاددىي بىر مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈۋېتىلسە، بۇيۈك بىر ئىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭراق بىر مەسئۇلىيەتنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشى بىر ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر، ئەلۋەتتە. كىچىك ئىللەتلەر سەۋەبىدىن يەنە كىچىك ئىشلارنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن شەرىئەت چوڭ ئىللەتلەر سەۋەبىدىن كاتتا ھەم ئېغىر ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيتىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسا شەرىئەتنىڭ ئەھمىيتى بولمايدۇ. شەرىئەتنىڭ بېكىتىلىشىدە غايەت چوڭ بىر ماسلىشالماسلىق يۈز بېرىدۇ.

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن گاڭگىراپ قېلىشتەك چوڭ بىر «ھەرەج» بولمىسا كېرەك. شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا ئىنسان ئەقلى ئۈچۈن ھەر دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا بىر ھالەت مەۋجۇت بولمىسا كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ ئەقلىنى بېسىۋالغان ئاپەتلەر، ۋۇجۇدىنى بېسىۋالغان ئاپاتلەردىن تېخىمۇ ئارتۇق. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئەقلىگە قارىغاندا تېخىمۇ تېزراق كامالەتكە يېتىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ ئەقىل جەھەتتىن كامالەتكە يېتەلمەسلىك ئاپىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن توكۇرلۇقتەك ھادىسىلەر شەرئىي مەسئۇلىيەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشقا سەۋەب قىلىنغان بولسا، «كامالەتكە يېتەلمەسلىك»تەك تەبئىي ھەم دائىمىي بىر ئەقلىي ئاپەت «توغرا يولنى تاپالماسلىق»تەك ياكى «گاڭگىراپ قېلىش»تەك ئەڭ

(4) ھەرەج كەلىمىسى ئەرەپ تىلىدا ئىككىن شەيئىنى جەم بولۇشى مەنىسىدە بولۇپ، بەزىدە جەم بولغان بۇ ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى تارلىق ئاساسىدا سىقىلىش، بىئارام بولۇش دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بۇ كەلىمە گۇناھ ۋە قىيىنچىلىق دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. راغىب ئەل ئىسفەھانىي، مۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆپ ئۇچرايدىغان بىر «ھەرەج»نىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشىدە ئەلۋەتتە شەرئەت نەزىرىدە كاتتا بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي ھىدايەت يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىگەندە ئىنساننىڭ ئەقلى ناقىس ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئېتىقادلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جازالاندۇرۇلمايدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە بارلىق ئىنسانلار يالغۇز بىر ئىنسانغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلىق ئالەمدە ئوتتۇرىغا چىققان مىللەت ۋە دىنلارغا دىققەت قىلىپ نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتلىرىمۇ بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشايدۇ. ئىزدىنىش يولىدا بىر ئىنساننىڭ كەمچىلىكلىرى شەكسىز كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان دىيانەتلەر ۋە ئىلاھىي ئەقىدىلەردە مەيدانغا كەلگەن كەمچىلىكلەر ئەلۋەتتە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

مەن ئىنسانىيەت ئالەمدە كېلىپ ئۆتكەن ياكى شۇ كۈنلەرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مىللەتلەرگە قىسقىچە بىر نەزەر سالغىنىمدا، پىكرىمگە ھەر قېتىم «ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۈممەت ئىدى. ئاللاھ خۇشخەۋەر بېرىدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر ئەۋەتتى.»[5] دېگەن ئايەت بىلەن «ئاللاھ خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ»[6] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى يادىمغا كېلىدۇ. مەن بۇ ئايەت ھەققىدە تەپسىر ئالىملىرىنىڭ بايانلىرىغا قاراپ چىقتىم. لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ مېنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىر ئىلمىي ئاساسىنى ئۇچرىتالمىدىم. بىر «گاڭگىراپ» قېلىش بالاسى قەلبىمنى ۋە ئەقلىنى ئىستېلا قىلىۋالغان ئىدى. كىچىك شەيئىلەرگە قانائەت قىلىپ، بۇنداق چوڭ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە جاسارەت قىلغان كالام ئۆلىماسىنىڭ ھالىغا بولغان تەئەججۈپلىنىشىم ئېشىپ باردى. ئىنسانىيەت تارىخى ۋە دىنلار تارىخى نۇقتىسىدىن تەپسىر قىلىشقا بولىدىغان بۇ ئايەتنى پەقەتلا لەۋزى جەھەتتىنلا شەرھىيلەپ قويغان مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى كىچىك سانايدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ ئەھۋالنىڭ تەسىرى بىلەن تەپسىرلەردىكى مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ

(5) ئايەتتە زىكىر قىلىنغان ئۈممەت كەلىمىسى دىن ۋە مىللەت مەنىلىرىدە تەپسىر قىلىنغان. قۇرتۇبىي، ئەل جامىئ لىئەھكامىل قۇرئان.

(6) بەقەرە سۈرىسى، 213- ئايەت.

ئولتۇرۇشتىن كەلگەن ھارغىنلىق ۋە بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئىجابەت ئەرشى بولغان ئاسمانغا، يەنى ئەرشى-ئەلاغا تىكىپ ئويلىنىشقا باشلىدىم.

«بارلىق ئىنسانلار بىر ئۈممەت ئىدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

بۇنىڭ مەنىسىنى «ئازغۇنلۇق ۋە ئىمانسىزلىق ئۈستىدە بىر مىللەت ئىدى» دەپ تەپسىر قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام كاتتا بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئەۋلاتلىرىغا باشتىن تارتىپ ھەق دىنىنى تەلىم بەرگەن ئىدى.

شۇنىڭدەك بۇ «ئۇلار ئىمان ۋە ھىدايەتكە ئېرىشكەن بىر مىللەت ئىدى» دېگەن مەنىگىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى توغرا يولدىكى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. توغرا يولدىكى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، جەمئىيەتتە ئىختىلاپ پەيدا قىلىشنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئىلاھىي ھېكمەتكە مۇۋاپىق بىر تەرىپى يوق.

«ھەقىقەت ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشتىڭلار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىختىلاپ قىلىغاندا ھەقىقەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتمىدى؟ ئەگەر مەۋجۇت بولسا ياكى مەزكۇر ھەقىقەتنى ئىنسانلار ئۆزلىرى تاپالىغان بولسا، پەيغەمبەرلەرگە ئېھتىياج بارمىدى؟

«دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىنسانلار ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتى(بغي)» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش نەدىن كەلدى ۋە كىم تەرىپىدىن سادىر بولدى؟

پەيغەمبەرلەردىن ئاۋۋال ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن ئىنسانىيەت ئالەمىدە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ۋەقەسى سادىر بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان بولىدۇ. ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئەكسىچە بىر ھادىسە ئوتتۇرىغا چىققان بولامدۇ؟

«ئىمان ئېيتقانلارغا ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

مەنا مۇشۇنداق سوئاللار مېنى سائەتلەپ مەشغۇل قىلىۋاتىدۇ. بۇ سوئاللارنىڭ

www.uyghurkitap.com



جاۋابلىرىنىڭ تەپسىر كىتاپلىرىدىن تېپىلماسلىقى مېنى باشقا يوللارغا يۈزلەندۈرمەكتە. شۇڭا مەن مۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئۇدۇللۇق قۇرئاندىن ئىزدەشكە مەجبۇرمەن. كۈچۈم يەتكەن نىسبەتتە ئۇنىڭ جاۋابلىرىنى قۇرئاندىن تاپىمەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن خوشال بولۇپ كېتىمەن. پەۋقۇلئاددە مەمنۇن بولىمەن. مەندە جاسارەت پەيدا بولىدۇ. ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمنى ۋە خۇسۇسىي كۆز-قاراشلىرىمنى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئورتاقلىشىمەن. قىزىقىدىغان مۆھتەرەم زاتلار ئوقۇپ پايدىلىنىدۇ. مەدەرىسە تالىپلىرى قۇرئان ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىز تالىپلارغا قۇرئاننى بېرىپ ئۇلارنى شەرھ ۋە ھاشىيە قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر.

ئۈچۈنچىسى: ئىلاھىي ئەقىدىنىڭ ھەقىقىتىگە دائىر دەلىلىم، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنئام سۈرىسىدە ( مەزكۇر سۈرەنىڭ 79-75- ئايەتلىرى) زىكىر قىلىنغان قىسسەلىرىدۇر.

1- «بىز ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن بولسۇن دەپ يەر ۋە ئاسمانلارنىڭ مەلەكۇتىنى[7] كۆرسەتتۇق».

«كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا ئىبراھىم بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (بۇ مېنىڭ رەببىم) دەپ تاشلىدى. يۇلتۇزنىڭ پېتىپ كېتىشۋاتقىنىنى كۆرۈپ (مەن مۇنداق پېتىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن) دېدى».

«ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ، «مانا بۇ مېنىڭ رەببىم» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىشۋىدى، «ئەگەر رەببىم ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغان قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدىكەنمەن» دېدى.

ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «مانا بۇ مېنىڭ رەببىم ۋە بۇ ھەممىدىن چوڭ» دېدى. قۇياشنىڭ پېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ، «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن ئادا- جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم ۋە مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» دېدى.

ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا «بىز ئىبراھىمغا، كۆرۈپ قەتئىي يوسۇندا مەلۇماتقا

(7) ئايەتتىكى «مەلەكۇت» كەلىمىسى تەپسىرلەردە «مۆجىزە»، «قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز»، «تاغ، دەريا ۋە دېڭىزلار» دېگەندەك مەنىلەردە تەپسىر قىلىنغان. ئىبنۇل جەۋزىي، زادۇلمەسىير.

ئىگە بولسۇن دەپ ئاسمانلارنىڭ ئايەتلىرىنى (مۆجىزىلىرىنى) كۆرسەتتۇق» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئايەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆرۈدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ ئايەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بويىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، تەدرىجە ھالدا ئۈچ باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاقىۋەتتە ئىلاھىي ئەقىدىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىغا يېتىپ كېلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا يۇلتۇزلاردىن بىرىنى تۈن قاراڭغۇلۇقىدا كۆرۈدۇ-دە، «مانا بۇ مېنىڭ رەببىم» دەپ تاشلايدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، پارلاق ئاينى كۆرۈپ «بۇ مېنىڭ رەببىم» دەپ تاشلايدۇ.

بۇ ئىككى ئەھۋال ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىككى نەرسە بار. بىرىنچىسى: قۇرئان كەرىم مۇشۇ ئەھۋالنى بايان قىلغاندا «ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق چۆككەندە» دېيىش ئارقىلىق قاراڭغۇ بىر ۋاقىتقا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، مەزكۇر ئىككى ئەھۋال، ئەقلىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا چىقىشقا ئىشارەت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى: قۇرئان «... مەن زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن» دېگەن مەنىلىك جۈملىسى بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئەقلىدە ئارزۇ، ئىستەك ۋە جانلىنىشنىڭ ئارتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن نىسبەتەن قۇتۇلغان ئەقلىنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا ئاكتىپچانلىقى تېخىمۇ ئاشقان بولىدۇ.

ئايەتتىن چۈشىنىشكە بولىدىغان ئۈچىنچى بىر ئەھۋال، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ ئارتۇق پارلاق قۇياشنى كۆرۈپ «ئالدىنقى ئىككىسى ئەمەس، مانا بۇ مېنىڭ رەببىم. بۇ تېخىمۇ چوڭ ئەمەسمۇ!» دەيدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچتا ئىبراھىمنىڭ ئەقلى بىر بالداق ئۆرلىگەن ھالدا «مەن يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە يەرنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھقا بۇرىدىم» دېيىش ئارقىلىق ئىلاھىي ئەقىدىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە چىققان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالىلىق ھالىتىدىن پەيغەمبەرلىك دەۋرىگە كەلگۈچىلىك بولغان باسقۇچلاردا يۇقىرىدىكى ئۈچ باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەن. باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ ياۋايىلىق ھالىتىدىن ئەڭ ئالىي ساماۋىي ھالغا كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ياشاپ كەلگەن ئېتىقادلىرى ئەلۋەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئەڭ كاتتا بىر پەيغەمبەر ھەققىدە قۇرئاننىڭ ئىقرارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن مۇۋاپىق بولغان بىر ئىش ئەلۋەتتە باشقا ئىنسانلارغىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ بايانىمىز بويىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىسسەسىدە زىكىر قىلىنغان مەزكۇر بەش ئايەتنىڭ ھېچبىرى تەۋىلات[8] ھۆججەتلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالمىغاي. لېكىن كالام ئالىملىرى كالام كىتابلىرىدا «پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسۇملىقى» مەسىلىسىدە يۇقارىدىكى ئايەتلەرنى بەزى قۇشۇمچە ئىلاۋىلەرنى قوشۇپ تەپسىر قىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش تەۋىلاتلار كالامچىلارنىڭ ئۆز مەزھەبلىرىنى ھىمايە قىلىش يولىدا سۆزلىگەن سۆزلىرى بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋى ئۇسلۇبلىرىنى يوقىتىش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئەسلا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. كالام مەزھەبلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋىلاتلار مېنىڭ دەلىللىرىمگە ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇنداق تەۋىللەرنى قوبۇل قىلىپ قالسام، مەن ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېسابلايمەن.

قۇرئانداق مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر ئۇلار تەۋرات ۋە ئىنجىل ۋە پەرۋەردىگارلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئاسماندىن ۋە يەردىن رىزىقلاندۇرۇلغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادىل كىشىلەر بار. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى نېمە دېگەن يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ ھە!»[9]

يەنى «تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىكى بۇيرۇقلارنى ئادا قىلىپ، لەۋزىلىرىنى تەۋىل قىلماي ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا يۇقىرىدىن مەنىۋى ۋە يەردىن ماددىي كۆپ رىزىقلار بېرىلگەن بولاتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر بۇيرۇقلارنىڭ چېگرالىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ئايەتلەرنىڭ لەۋزىلىرىنى چۈشىنىپ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغانلارمۇ بار. لېكىن كۆپىنچىسى چېگرادىن ئېشىپ ئىلاھىي كىتابلارنىڭ لەۋزىلىرىنى تەۋىل قىلىشتى». ئايەتنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ.

بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىن قارىغاندا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى تەۋىل قىلماسلىق تەرەپدارىمەن. قۇرئان ھۆكۈملىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىسى- تەۋىلدىن ساقلىنىشتۇر. قۇرئاننىڭ ئەمرلىرىنى تەرك ئېتىش قۇرئاننىڭ

(8) جۈملىدە ئۆتكەن «تەۋىلات» كەلىمىسى، ئەرەب تىلىدىكى «تەۋىل» كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر كەلىمىنىڭ ئېيتىدىلەش ئېھتىمالى بولغان مەنالاردىن بىرىنى تاللاشنى كۆرسىتىدۇ.

(9) مائىدە سۈرىسى، 66.

ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلمىغانلىق بولغان يەردە، قۇرئان لەۋزىنى زاھىرى مەنىسىدىن باشقا ياققا بۇراپ تەپسىر قىلىش ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلمىغانلىق بولىدۇ.

قۇرئاننى تەۋىل قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى كالامچىلارنىڭ تەۋىلىدۇر. ئۇلار ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلايدۇ. زاھىرى مەنىسى ئېھتىماللىق دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئىككىنچىسى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تەۋىلىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىدا قۇرئاننىڭ زاھىرى مەنىسى مەقسەت قىلىنغان بولۇشى ياكى ئىشارىتىدىن چىقىرىغان كۆچمە مەنىسى مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ تەۋىللەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق تەۋىللەر بىلەن قۇرئان زاھىرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولمايدۇ. بەلكى قۇرئان زاھىرى مەنىسى بويىچە تەپسىر قىلىنغان بولىدۇ. زاھىرى مەنىسىنى بىلگەندىن كېيىن ئىنسان ئايەتلەرنىڭ كۆچمە مەنالىرىنىمۇ تاپالايدۇ. بۇ پەرقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تۆۋەندە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ تەۋىللىرىدىن بىرىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ «گۈلشەن زار» ناملىق كىتابىدىن بىر نەچچە كۇپلېتلىق بىر شېئىر نەقىل كەلتۈرىدۇ. شېئىرنىڭ مەنا تەرجىمىسى مۇنداق:

ئەر بولساڭ، چىق، قاراپ باق! ئالدىڭغا نېمە كەلسە،
قانائەت قىلما، تېخىمۇ يىراقلاش.
ئىبراھىمدەك ماڭ! خۇدانى ئىزدە تۈن ۋە كۈن.
كۈندۈزگىنى ھەم تۈن ئەيلە.
يۇلتۇز، ئاي، بۈيۈك قۇياش، ھېس،
خىيال ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت.
ئەي تالىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يۈز ئۆرىگىن! ھەقىقەتكە،
ۋىسالغا يەتكۈچە توختىما، ماڭ! «شەيئىلەرنىڭ زاھىرىغا قانائەت قىلمايمەن،
ھەقىقەتنى ئىزدەيمەن» سۆزىنى ھەر ۋاقىت سۆزلە.

ئەنئام سۈرىسىنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلىرىنى مۇنداق چۈشىنىش قۇرئاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زاھىرىدىن ئايرىۋېتىكەنلىك بولمايدۇ. بەلكى زاھىرى مەنىسىنى مەقسەت قىلغان ئاساستا ئىككىنچى مەناغا ئۆتۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تەۋىل ياخشى كۆرۈلمىسىمۇ چەكلەنگەن ئەمەس.

زاھىرىي (كۆچمە مەنا ئەمەس، ھەقىقىي مەنا) مەنىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئىبارىلىرىنى تەۋىل قىلىش ئەلۋەتتە جائىزدۇر. چۈنكى، ئۇنداق تەۋىللەر ئەقلىنىڭ تېخىمۇ ئارتۇق ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئۇنىڭ زاھىرىي مەنالىرى مەقسەت قىلىنمىغان دېيەلمەيدۇ. ئەگەر كالامچىلار ئەرەب تىلىنىڭ پاساھىتى بىلەن نەزمىنىڭ بالاغىتىدىن چىقىرىلغان بىر مەنا ئاساس قىلغان ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلارنىڭ تەۋىللىرىنى رەت قىلمايمىز. ئۇنداق قىلىش بىزگە ياراشمايدۇ. قۇرئاننىڭ بالاغىتى ئاللاھنىڭ كالامىدا بولمىغان بەزى ئىبارىلەرنى ئىلاۋە قىلىپ تۇرۇپ تەپسىر قىلىشتىن (تەقدىر) ئايەتلەرنى بىھاجەت قىلدى. «ئايەتتە جۈملە تولۇق ئاياغلاشماپتۇ، شۇ ئىبارىنى قوشۇپ تاماملىدىم» دېيىش چوڭ ئەدەبسىزلىكتۇر.

ئىلاھىي ئەقىدىلەرنىڭ ھەقىقىتى مەسىلىسىدە مېنىڭ تۆتىنچى دەلىلىم بەقەرە سۈرىسىنىڭ 62- ئايىتى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئايەتنىڭ مەناسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمان ئېيتقانلار، يەھۇدىيلار، پەرىشتە ياكى يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان سابىئىيلەر، تېخىمۇ ئوچۇق بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا ئالەملەرنىڭ رەببىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇشۇ دەۋردە ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بارلىق ئىنسانلار ئاقىۋەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ».

بۇ ئايەتتە نىجاتلىقتا ئېرىشىشنىڭ دائىرىسى بەلگىلەنگەن. ياخشىلىقتا بۇيرۇلغان. يامان ئىشلار مەنئىي قىلىنغان. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىمان ۋە ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئەلۋەتتە بىر كۈنى ھېسابى سورىلىدىغانلىقىغا (ئاخىرەت) ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان. ئىنسان بۇ ئىككى خىل ئىماننىڭ تەسىر كۈچى بىلەن يامانلىقتىن يىراق تۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، مۇشۇنداق ئىنساننىڭ كەلگۈسىدە ئەبەدىي بەخت- سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىماندا رەسمىيەت يوقتۇر. رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىماننىڭ ئىنسان

ھاياتىغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئىنساننى يامان ئىشلاردىن، زۇلۇمدىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا يېزلەندۈرىدىغان ۋە شەرىئەت نەزىرىدە مۆتىۋەر ئىمان مانا مۇشۇنداق ئىماندۇر. لېكىن ئىنسان ھاياتىدا ئەھمىيىتى بولغمىغان ئىمان، شەرىئەت نەزىرىدىمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

شەرىئەتتە بايان قىلىنغان ئىمان ھاياتتا رېئاللىققا ئايلانسا، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە قىممىتى بولىدۇ. ئىمان كۆڭۈلدە شەكىللەنگەن مۇئەييەن بىر ئىسمىدىن ئىبارەت ئەمەس. بەلكى ئەقىلدە، قەلبتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر نۇردۇر. ئۇ، ئىنساننى ھايات يولىدا توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە ھالاكەتتىن قوغدايدۇ. مۇشۇنداق ئىمان دۇنيادىكى مىللەتلەردىن بىرىگە خاس ئەمەس.

## خاتىمە

ئۇمۇمىي نىجاتلىق مەسىلىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى مۇۋاپىق دەپ تاللىغان ئىنسان، ھاياتتا دىن ۋە ئىماننىڭ ئەھمىيىتىدىن ھەمدە ئىسلامنىڭ ئۆزگە خاس پەزىلەتلەردىن غاپىل ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇنداق ئىنسان بىرئاز مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا ئىدى، ھەر قانداق بىر گۇناھ ئىشلەش ئەركىنلىكى تولۇق نىجاتلىققا ئېرىشىش يولى ئەمەستۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر دىنغا ئەگىشىش كېرەك. نىجاتلىق پەقەت ماڭىلا خاس بىر ئىش بولىدىغان بولسا، مەن ئۆزەمنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىنسانلاردىن ھەر بىرىگە: «سىز ئېتىقادىڭىز، مەزھىبىڭىز سەۋەبى بىلەن ئەبەدىي ئازابقا دۇچار بولىسىز، خەيرلىك ئىشلارنىڭ سىزگە پايدىسى يوق. يامان ئىشلاردىن ھېچبىرىنىڭ سىزگە زىيىنى يوق. ياخشى ئىشلارنى قويۇپ، سىز گۇناھ ئىشلارنى قىلىۋېرىڭ» دېسەم، نىجاتلىقنىڭ مەلۇم بىر ئېقىم ياكى مىللەتكە خاس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشى مېنىڭ شۇ سۆزۈمنى ھەرگىزمۇ تەنقىد قىلالمايدۇ.

«بارلىق مىللەتلەر نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان بولسا، ئىسلامنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ» دەيدىغان بىر كىشىگە: «ئەجىبا، ئىنسان ھاياتىدا ئىسلامىيەتنى تەنقىد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ. ئەلۋەتتە «يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ياكى ئەقەللىسى مېنىڭ ئالدىمدا ئېتىراز بىلدۈرۈدىغان كىشى يوق. ئېتىرازنىڭ ئاساسىغا خىلاپ ھالدا «ئەھمىيىتى بار» دېيىلسە، مەن «قېنى مەرھەمەت! سىز بىلىدىغان نۇقتىلارنى بايان قىلىپ بېقىڭ. ئاندىن كېيىن مەن ئېتىرازلىرىڭىزغا جاۋاب بېرەي» دەيمەن.■

www.uyghurkitap.com

تاھىر بىن ئاشۇر

# ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايە-مەقسەتلىرى[1]

ئەرەبچىدىن ئىھسان تەرجىمىسى

## (1)

### مۇقەددىمە

بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسىتىم: دىندا فىقھشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىققانلارغا ماياك، خىلمۇخىل كۆز-قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققاندا ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالغان چاغدا مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبە، باشقا-باشقا ئەللەردىكى فىقھشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ئازايتىشقا ۋاستە، تەپرىقچىلىق ئۇچقۇنلىرى ئەتراپقا يامرىغاندا ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن كۈچلەندۈرۈشتە فىقھشۇناسلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىنساپ قىلىشىغا جۈرئەت بولۇشى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى ئىچىدىن چوڭ تېمىلارنى يورۇتۇپ، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ھەمدە شۇ مەقسەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فىقھشۇناس بولۇشتىكى مەقسەت، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا يېڭىلىقلار مەيدانغا كېلىپ، يېڭى ھادىسىلەر كۆپەيگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرىنى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن يول بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە مەزھەبلەر ئارا تالاش-

(1) تەھرىر ئىلاۋىسى: ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئىلىم ئەھلىگە ئايانكى، بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ھەرقانداق سۆز ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر مەقسىدى بولىدۇ. مەسىلىگە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ مۇقەددەس ئىجاتكارى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كالامى نوقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەلبەتتە بىر مەقسىدىنىڭ بارلىقى ئاشكارا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قۇرئاندا بايان قىلغان ھۆكۈملەرنى ئىزاھلاشقا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بەزى مېتودىكىلىق قۇراللارنى بەلگىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئاساسىنى شاتىبىينىڭ «مۇۋاپىقات» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرىتىمىز. مۇھىملىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك يېقىندىن بويان بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىدا بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەسەر نەشىر قىلغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە بۇ ساندىن باشلاپ يېڭى دەۋر ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇرلاردىن تاھىر بىن ئاشۇرنىڭ «مەقاسىدۇششەرىئەتىل ئىسلامىييە» ناملىق ئەسىرىدىن مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمىز. چۈنكى بۇ ئەسەر، ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت ۋە قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە يېزىلغان كونا - يېڭى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ۋە ئۇقۇملىرى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن يېڭى ھېساپلىنىدىغان بۇ ئەسەرنى تەجمە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن تەرجىمە قىلغۇچى قېرىندىشىمىزغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

تارتىشلار يۈز بېرىپ، ئوخشىمىغان مەزھەبلەر مۇنازىرىسىدە ئاشۇ ئۆلىمالار بەيگىگە چۈشكەن چاغدا ھەل قىلغۇچ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بولىدىكەن، مۇتەئەسسىپلىك قىلىشنى تاشلاپ، ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت بىر قايتا-قايتا تەكىتلەپ كېلىۋاتقان مەقسەت ئايدىڭ بولغۇسى.

مېنىڭ شەرئىي (يەنى قانۇنىي) مەسىلىلەردە ئىختىلاپلاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا دەلىل كەلتۈرۈشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىم بۇ كىتابنى يېزىشقا بەل باغلىشىمغا تۈرتكە بولدى. چۈنكى بۇلار تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىنى باش ئەگدۈرەلەيدىغان، ئىككىلىنىپ قالغۇچىنىڭ يولىنى تېپىۋېلىشىغا ۋاستە بولالايدىغان ئەڭ زۆرۈر ياكى زۆرۈرگە يېقىن بولغان دەلىللەرگە تايانمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەقلىيىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ لوگىكىلىق ۋە پەلسەپىۋىي دەلىل-پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا زۆرۈر بولغان، رىئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ۋە ئوبيېكتىپ پىرىنسىپال دەلىللەرگە تايىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەتالاش تېزلا ئاخىرلىشىپ، مۇنازىرە قىلىشقۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىك يوق بولىدۇ. مەن شەرىئەت ئۆلىمالىرىنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئەڭ لايىق، كېيىنكىسىنى ئىلگىرىكىسىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى، دەپ قارايمەن.

بەلكىم بىر قىسىم كىشىلەر قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت مەسىلىلەردە بۇ مەقسەتنى بەك كۆچلاپ كېتىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنداق ئادەم قانۇنشۇناسلىق ئىلمىدە چوڭقۇر ئىلمگە ئىگە بولغان ۋاقتىتا، قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا فىقھىي ئەھكاملاردىكى خىلمۇخىللىققا ئەگىشىپ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىغا ئائىت پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭمۇ ئىزچىل تۈردە خىلمۇخىل بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەردە قانۇنشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، دېسىڭىزمۇ مەيلى. چۈنكى قانۇنشۇناسلىق ئىلمى فىقھىي ھۆكۈملەر توپلىنىپ ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توپلانغان بولغاچقا، ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى قانۇنشۇناسلىقتىكى بۇ پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنى ئاشۇ تارماق ھۆكۈملەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئالغان. لېكىن بىر بۆلۈك فىقھشۇناسلار ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال

www.uyghurkitap.com



نەزەرىيەلەرنى بىلىشتە سەل ئاجىزراق بولۇپ، بەيگىدە پىيادە ماڭغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. فىقھشۇناسلىق بەيگىسىدە دۇلدۇلغا مىنىپ، مۇنازىرىگە چاقىرىلسا تۇنجى بولۇپ چۈشەلەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنشۇناسلىق ئىلمى قەدىمدىن تارتىپ ھۆكۈمدە ئىختىلاپلاشقۇچىلار ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ چەككە يېتەلەيدىغان دەرىجىدە بولماي كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پىكىردە بىرلىككە كەلتۈرۈش ياكى ھېچبولمىغاندا كۆز-قاراشتا يېقىنلاشتۇرۇش قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ، قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت كۆپ قىسىم مەسىلىلەردە شەرىئەتنىڭ ھېكمىتىنى ۋە ئىچكى مەقسىتىنى قوللىنىش ئاساس قىلىنماستىن، قانۇنشۇناسلىقنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى بىلىدىغان كىشىنى شۇ قائىدە-پىرىنسىپلاردىن تارماق ھۆكۈملەرنى چىقىرىش ياكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان سۈپەتلەرنى چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرئىي ئەھكاملارنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئوچۇق تېكىستىدىن چىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرى ئۇقتۇرۇپ بەرگەن ئاشۇ سۈپەتلەر شەرىئەت قانۇنلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈرتكىلىك سەۋەبى قىلىنىشى، ئاندىن ئاشۇ تارماق ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىدىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا - «تۈپ سەۋەب» (العلة) دەپ ئاتالغان سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن كۆپلىگەن تارماق ئەھكاملار ئاشۇ تېكىستلەرنىڭ كەلتۈرۈلۈش ئۇسۇلىغا قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىنىشى مۇمكىن.

تېخىمۇ يېقىنراق ئىبارە بىلەن ئالساق، ئاشۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەر شۇ ئىلمىگە چوڭقۇر چۆككۈچىنى فىقھشۇناسلار ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ئىلمى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان تارماق ھۆكۈملەرنى كۈچلەندۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا فىقھشۇناسلار چىقارغان ئاشۇ تارماق ھۆكۈملەر شۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەر قايسى مەزھەبنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىن قانۇنشۇناسلىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە مەقبۇل ھۆكۈملەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەر ۋە تارماق ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ قانۇنغا ئائىت تېكىستلىرىنىڭ يەككە ھالەتتىكى، توپلانغان ھالەتتىكى ۋە ئايرىم-ئايرىم ھالەتتىكى ئۇقتۇرۇپ بەرگەن مەنىلىرىگە

بىرىپ تاقىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ سەپەتلەر قانۇنشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىق ئىلمىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسىنى ئەسلى ئەرەب تىلى ساھىبلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: «عموم» (ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش)، «إطلاق» (شەرتسىز قوللىنىش)، «نص» (ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئەسلى نازىل قىلىنغان ۋە ئېيتىلغان مەقسەت بويىچە قوللىنىش)، «ظهور» (ئىبارىنىڭ يۈزەكى مەنىسىنى ئۇدۇل قوللىنىش) ۋە بۇلارنىڭ قارشى مەنىلىرىدىن ئىبارەت قۇرئان-ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنىڭ تەلەپلىرى ۋە پەرقلىرىدىكى مەسىلىلەرگە ئوخشاش. «تخصيص» (خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىش)، «تقييد» (شەرتلىك قوللىنىش)، «تأويل» (يوشۇرۇن مەنىدە قوللىنىش)، «جمع» (بىر-بىرىگە زىتتەك كۆرۈنگەن دەلىللەرنى ئورتاقلاشتۇرۇپ قوللىنىش)، «ترجيح» (ئۆز-ئارا زىت دەلىللەرنى بىر-بىرىدىن كۈچلەندۈرۈپ قوللىنىش) ۋە شۇلارغا ئوخشاش دەلىللەردىن ئىبارەت ئىسلام قانۇنىغا ئائىت دەلىللەرنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ھالەتتە كېلىشىدىكى مەسىلىلەرگە ئوخشاش. يۇقىرىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسىرى مۇشۇ تېمىلارنى ئىسلام قانۇنچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ھېكمىتىنى ھەمدە شەرىئەتنىڭ شەرئىي ئەھكاملاردىكى ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئايرىم ھالەتتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان چاغدا ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن تەتقىقاتچىلىقى ساھەسىدىكى ئۆلىمالار ئىسلامنىڭ قانۇنىغا ئائىت ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرى ۋە شۇ تېكىستلەر ئۇقتۇرۇپ بەرگەن، قىياسىي (سېلىشتۇرما) ھۆكۈملەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى بولغان مەنىلەر ئۈستىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى. يۇقىرى سەۋىيەدىكى فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان ئادەم قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىگە قارىغاندا ئىسلام قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ كۆپرەك تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. ئەمما، قانۇنشۇناسلىق ئىلمىدە بۇنىڭدىن ھېچنەرسە تاپالمايدۇ. چۈنكى قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ئىسلام قانۇنىنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك قانۇن-پەرمانلاردىكى ھەر قايسى تارماق ساھەلەرنىڭ باشلىرىدا تۇرىدىغان مەقسەتلەرنى تونۇشتۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىسىدا قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت بىر قىسىم مەسىلىلەرگە ياكى مەكتەپلەردە ئۆگىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان، ياكى ئۆگىتىشتىن زېرىكىپ قالغان بابلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان سىرلار بار بولۇپ، بۇ سىرلار

www.uyghurkitap.com



قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە تۈزۈلگەن كىتابلارنىڭ ئاخىرىسىدا سۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپلەرمۇ بۇ سىرلارنى ناھايىتى زېرىكىش بىلەن، ئاران تەستە ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، پەقەت ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا غەيرەت بېرەلىگەن مۇدەررىسلەرلا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سىرلار مەقسەتلەر ئىلمىدە ئۆگەنسىمۇ، ئۆگەنمىسىمۇ بولىدىغان ئىختىيارىي بىر ئىش دەپ قارىلىپ، ناھايىتى غۇۋا ۋە ئۇنتۇلغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇلار بولسا ھۆكۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ئەسلى مەنبەنىڭ يوللىرىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش تەتقىقاتى، ئومۇمىي مەنپەئەتلەر تەتقىقاتى، مۇتەۋاتىرلىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن مەلۇم بولغان ھۆكۈملەر تەتقىقاتى، سەۋەب-نەتىجىلەر بىردەك بولغان ياكى باشقا-باشقا بولغان چاغدىكى شەرتسىز ھۆكۈمنى شەرتلىك ھۆكۈمگە بويسۇندۇرۇش تەتقىقاتلىرىدۇر.

ئىمام جۇۋەينىي «البرهان» ناملىق كىتابىنىڭ بېشىدا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ ئىنچىكە كەسكىن بولمىغان دەلىللەرنىڭمۇ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئاقلاپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر: «خەبەر ۋاھىد[2]» ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىش ۋە قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ تەپسىلاتى پەقەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ پىرىنسىپال نەزەرىيەلىرىدىلا ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، بۇ خەبەر ۋاھىد ۋە قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىش كەسكىن دەلىل ئەمەس» دېيىلسە، بىز دەيمىزكى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتچىسىنىڭ ۋەزىپىسى بىرەر دەلىلگە ئەمەل قىلىش ۋاجىب بولغان ھالەتتىكى كەسكىن دەلىللەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش. لېكىن خەبەر ۋاھىدلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ۋە قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىپ چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنىڭمۇ مەزمۇنى ئايدىڭلىشىپ، دەلىلگە باغلىنىشى ئۈچۈن بۇلارنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ».

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاقلاش تولىمۇ ئاجىز سەۋەبتۇر. چۈنكى بىز ئالىملارنىڭ ئۇسۇلۇددىن (يەنى دىنىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرى) ئىلمىدە قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئۆزلىرى توپلىغان پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ قارشىسىچە ماڭغانلارنى توختىتالايدىغان دەرىجىدە كەسكىن قائىدە-پىرىنسىپلارنى

(2) خەبەر ۋاھىد– ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدىن مەيلى رىۋايەتچىسى بىر بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، مۇتەۋاتىر ۋە مەشھۇر ھەدىسلەرنىڭ شەرتىگە توشمىغان ھەدىسلەرنى «خەبەر ۋاھىد» ھەدىس دېيىلىدۇ. ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇنداق ھەدىسلەر ئۇقتۇرغان مەنا «كەسكىن ئەمەس» دەپ قارىلىدۇ. -ت.

توپلىغانلىقىنى كۆرمىدۇق. بەلكى، بىز قانۇنشۇناس ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان كەسكىن ھۆكۈملەرنى پەقەت «دىننى قوغداش، جاننى قوغداش، ئەقلنى قوغداش، نەسەبنى قوغداش، مالنى قوغداش ۋە يۈز-ئابروينى قوغداش»تىن ئىبارەت ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ كەسكىن مەجبۇرىيىتى بولغان بىر قانچە زۆرۈرىيەت دەپ بايان قىلغىنىغا ئوخشاش ئىنتايىن كەمدىن-كەم ئۇچرىتىمىز. مۇشۇلاردىن باشقا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمى گۇمانىيدۇر[3].

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مازەرىي مۇشۇنى بىلدۈرۈپ، ئىمام جۇۋەينىينىڭ «البرهان» ناملىق كىتابىدىكى: «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى دەلىللەرنىڭ تۈرلىرى– قۇرئان ئايىتى، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ مەتنى (تېكىستى) ۋە ئىجمائ» دېگەن سۆزىنى شەرھىلىگەن چاغدا مۇنداق دېگەن: «قانۇنشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىپادىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ خىلمۇخىل بولۇپ كەلدى. ئۇلاردىن بىر بۆلۈك ئالىملار «ئايەت ۋە مەتنى» دېگەن بۇ قەيتنى ئىشلەتمەي، پەقەت «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى دەلىللەرنىڭ تۈرلىرى- قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجمائ» دېگەنلەرمۇ بار. بۇلارغا ناۋادا: ئۇنداقتا، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەتنلىرىدىن ئۇدۇللا چىققان يۈزەكى مەنالار بىلەن خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرمۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىللىرى بولۇشقا يارامدۇ؟ دېيىلسە، بۇلار: بىز «كىتاب» دېگەن بۇ سۆزىمىزدىن قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئەمەلىي ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمىنى مەقسەت قىلدۇق، شۇنداقلا بۇ سۆزنىڭ قۇرئاننىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدىن مۇئەييەن بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىدۇق، دەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئۇلار خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەر توغرىسىدىمۇ: بىز بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىدۇق، دەيدۇ. بىر بۆلۈك ئالىملار مۇشۇنداق مۇجمەللىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن بۇ قەيتنى ئىشلەتمەيدۇ. يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار: گۇمانىي رەۋىشتە بولسىمۇ ھۆكۈمنى ئوتتۇرۇپ بەرگەن ھەر قانداق ئايەت ۋە ھەدىسلەر دەلىل بولۇپ، بۇنى بۇنداق قەيت قىلىشقا ھاجەت يوق، دەيدۇ».

مەن ئىمام قەرافىينىڭ «المحصول» ناملىق كىتابقا يازغان شەرھىسدە ئايەت ۋە

(3) بۇ جايدىكى «گۇمانىي» دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ «گۇمانلىق، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، شۈبھىلىك» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇمايدۇ. بەلكى، بۇ قائىدە مۇشۇ بىر ھۆكۈمگە ئاساس بولۇش بىلەن بىرگە باشقا ھۆكۈملەرگىمۇ ئاساس بولۇشى ياكى بۇنىڭدىن باشقا بىر ھۆكۈمگە ئاساس بولۇشى مۇمكىن، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇنى «گۇمانىي» دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پەقەت بىر مەنىنى ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالى بار بولغان كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەمدە خەبەر ۋاھىد بولغان ھەدىسلەردىمۇ شۇنداق ئىبارە قوللىنىلىدۇ. بۇنىمۇ مۇشۇ بويىچە چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق «گۇمانىي» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىمىز. -ت.

www.uyghurkitap.com



ھەدىسلەرنىڭ مەتنى مەسىلىرىدىن ئىككىنچى مەسىلىدە (يەنى ئايەتلەردىن ئۇدۇل چىقىدىغان يۈزەكى مەنىسى ۋە خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەر)، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىدە ئىمام ئەبارىينىڭ «البرهان»نىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغانلىقىنى كۆردۈم: «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىسى كەسكىن بولۇپ، بۇ نەزەرىيەلەردە گۇمانىيلىق كۆپايە قىلمايدۇ. ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ ئۇقۇمى گەرچە كەسكىن بولسىمۇ، كىتابلارغا يېزىلمىغان. بۇ گېپىمىزنىڭ مەنىسى شۇكى، ساھابىلەرنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى، ئېلىپ بارغان مۇنازىرىلىرىنى، بەرگەن پەتىۋالىرىنى، ئىسلام قانۇنىغا ئائىت ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئۇقتۇرۇپ بەرگەن بارلىق مەنىلىرىنى ھەمدە ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش ۋە ھەدىسلەرنىڭ دېيىلىشتىكى مەقسەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلغان ئادەم قانۇنشۇناسلىقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپال نەزەرىيەلەر كەسكىن ئىكەن، دېگەن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا سەل قارىغان ئادەم پەقەت گۇمانىيلىقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ».

ئەمەلىيەتتە بۇ جاۋاب خاتادۇر. چۈنكى بىز ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ئىلمىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، بىر قىسىم قانۇنشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسىگە ئەمەس.

ئىمام قەرافىينىڭ «المحصول» ناملىق كىتابقا يازغان شەرھىسىدىكى مۇقەددىمىلەرنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەبۇ ھۇسەين ئەلبەسرىي «العمدة» ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسىدە: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا تەقلىد قىلىش توغرا ئەمەس. ھەر قانداق مۇجتەھىد توغرا ھۆكۈمگە يېتەلىشى ناتايىن. بەلكى توغرىنى تاپقۇچى پەقەت بىر بولىدۇ. ئەمما، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا خاتالاشقۇچى مالامەتكە ئۇچرايدۇ، لېكىن فىقھشۇناسنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ». ئىمام قەرافىي ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئىجمائ سۈكۈتىي[4] ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملىرى ئىنتايىن ئاجىز بولغان مەسىلىلەرمۇ بار. بۇنداق مەسىلىدە قارشى پىكىردە بولغۇچى كەسكىن دەلىلگە تۇتۇل، گۇمانىي دەلىلگىمۇ قارشى پىكىردە بولغۇچى دەپ قارالمايدۇ. شۇنىڭ

(4) ئىجمائ سۈكۈتىي – مەلۇم دەۋردىكى مۇجتەھىدلەرنىڭ بىرى بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ قاراش شۇ دەۋردىكى بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار ئىچىدە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم بۇ قاراشنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ياكى ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلدۈرمىگەن بولسا، مۇشۇ قاراش «ئىجمائ سۈكۈتىي» دەپ قارىلىدۇ. -ت.

ئۇچۇن بۇنداق ئادەمنى گۇناھكار دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىز ئۇسۇلۇددىن (يەنى دىنىنىڭ ئېتىقادقا ئائىت پىرىنسىپال مەسىلىلىرى)دا «جىسىم ئىككى ۋاقىتتا بىر خىل ھالەتتە تۇرىدۇ» دەيدىغانلارنى ۋە بوشلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوققا چىقىرىدىغانلارنى گۇناھكار دېمەيمىز. يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەقستى دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى جۈملىسىدىن بولمىغان بىر بۆلۈك مەسىلىلەر بار بولۇپ، شەكسىزكى بۇلار ئاشۇ ئىلىمدە پەقەت تولۇقلىمىلاردۇر، خالاس.

ئەبۇ ئىسھاق شاتىبىي «الموافقات» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى كىرىش سۆزىدە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ كەسكىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى.

مەن ئويلايمەنكى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ شەرئىي دەلىللەرنى «كەسكىنلىك» بىلەن قەيت قىلىشتا خىلمۇخىل كۆز قاراشتا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى يازغان ئەھكاملارنىڭ دەلىللىرى ھەققىدىكى يازمىلار بىلەن ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىمۇ خۇددى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن بىۋاستە مەلۇمات بېرىلگەن دىنىنىڭ ئەقىدە پىرىنسىپلىرىغا ئوخشاش كەسكىنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلار يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ ئارىسىدىكى تېڭىرقاشتۇر. دېمەك، ئۇلار شەرئىي دەلىللەرنى كەسكىنلەشتۈرۈشكە ئاللىبۇرۇن قەدەم قويۇپ بولغان. لېكىن ئۇلار دەلىللەرنى ئەمەلىيەتتە توپلاپ، كىتابلارغا جۇغلىغان چاغدا، بۇ دەلىللەرنىڭ ئىچىدىن قەتئىي بولغانلىرىنىڭ پۈتۈن قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ كۆپلىكىگە نىسبەتەن نەقەدەر ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىغا ئائىت پىرىنسىپال نەزەرىيەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە قانۇنشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار بار تۇرسا، قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟!... شۇڭا بىز ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ كەسكىن دەلىللىرىنى توپلايمىز دەيدىكەنمىز، قانۇنشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولغان قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى ئاساسى نىشان قىلىپ، ئۇ مەسىلىلەرنى قايتىدىن تاسقاپ تەتقىق ۋە تەھقىق ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇلاھىزە ۋە تەنقىد تارازىسىدا تارتىپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنى شالغۇتلاشتۇرۇۋەتكەن يوچۇن قىسىملىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا فىقھى ۋە تەتقىقات كانىنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى قويۇشىمىز، ئاندىن كېيىن بۇ ئىلىمگە قايتىدىن تۈس بېرىپ، ئۇنى «علم مقاصد الشريعة» (ئىسلام قانۇنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەقسەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم) دەپ ئاتىشىمىز، شۇنداقلا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ئىلمىنى فىقھى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئېلىنىدىغان ھالىتىدە قويۇشىمىز كېرەك. يەنە شۇنىڭدەك، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىغا ئائىت مەسىلىلەردىن بىزنىڭ ئىسلام قانۇنىنىڭ غايە-مەقسەتلىرىنى توپلاشتىن ئىبارەت نىشانىمىز ئاستىغا يىغىلغان مەسىلىلەرنى توپلاپ، «ئىسلام قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم»دىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇلۇغ ئىلىم ئۇچۇن ئۇل سېلىشىمىز كېرەك.

ئاندىن بىز: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى پرىنسىپال نەزەرىيەلەر كەسكىن بولۇشى زۆرۈر - يەنى قانۇنشۇناس ئۆلىمالارنىڭ مەجبۇرىيىتى: ياكى كەسكىنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدىغان، ياكى كۈچلۈك تەتقىقات بىلەن كەسكىنلەشكەن پرىنسىپلارنى توپلاشتۇر، دېيىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە ھېلىھەم تەتقىقات ساھەسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلىدە ئايرىم-ئايرىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرى رامىزان ئېيىدىكى ھەدىس خەتمە قىلىشلاردا تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك لېكسىيەلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن.

دىن پېشۋالىرى تەرىپىدىن دېيىلگەن ھەمدە فىقھشۇناسلىقنىڭ كەسكىن قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بار بولۇپ، بۇ سۆزلەر تارماق ھۆكۈملەرگە دەلىل كەلتۈرۈش جەريانىدا تېزلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھالەتتە كېلىش ئارقىلىق كىتابلارنىڭ سەترلىرىگە چېچىلىپ، سىڭىپلا كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھاجەت چۈشكەن چاغدا پايدىلانماقچى بولغان ئادەمنىڭ خاتىرىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلگەن. تۆۋەندىكىلەر شۇ سۆزلەرنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر: «لا ضرر ولا ضرار» (ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان ئۇرۇشقا بولمايدۇ) دېگەن ھەدىس، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ: «تحدث للناس أقضية بقدر ما أحدثوا من الفجور» (كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە تۇشلۇق قىيىن مەسىلىلەر يۈز بېرىدۇ) دېگەن سۆزى، ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابىدىكى: «و دين الله يسر» (ئاللاھنىڭ دىنى ئاساندۇر) دېگەن سۆزى، يەنە ئىمام مالىكنىڭ بىر خۇتبىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لا يخطب أحدكم على خطبة أخيه» (سىلەرنىڭ بىرىڭلار يەنە بىر قېرىندىشى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئايالغا سۆز ئاچمىسۇن) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «أن يخطب الرجل المرأة فتركن إليه... ولم يعن بذلك إذا خطب الرجل المرأة فلم يوافقها أمره أن لا يخطبها أحد، فهذا باب فساد يدخل على الناس» (يەنى: بىر ئادەم بىر ئايال كىشىگە توي قىلىش

تەكلىپى بەرگەن بولسا، ئۇ ئايالمۇ ئۇ كىشىگە مايىل بولۇپ، ئىككىسى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسا، ئاندىن بۇنداق ئايالغا باشقا بىرىنىڭ توي قىلىش ھەققىدە سۆز ئېچىشىغا بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق: بىر ئادەم بىر ئايال كىشىگە توي قىلىش ھەققىدە سۆز ئاچقان بولسىمۇ، ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن بولسا، يەنە بىر كىشى بۇ ئايالغا سۆز ئاچمىسۇن، دېگەننى مەقسەت قىلمىغان. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا پىتنە-پاسات كىرىدىغان يوچۇقتۇر) دېگەن سۆزى ئەنە شۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يۇقىرىدىكى دىن پېشۋالىرىغا يەنە بىر بۆلۈك يىتۈك ئۆلىمالارمۇ قوشۇلغان بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى مۇشۇنداق بىر ياخشى ئىشنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن دەپ ئويلايمەن. مەسىلەن ئىززۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئىدرىيس ئەلقەرافىي ئەلمىسرىي ئەلمالىكىيمۇ «الفروق» ناملىق كىتابىدا بىر قانچە قېتىم ئىسلام قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۇل سېلىشقا تىرىشقان.

مۇشۇ پەننى تولۇقلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان يىتۈك ئالىمنىڭ بىرسى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇسا ئەششاتىبىي ئەلمالىكىيدۇر. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ «عنوان التعريف بأصول التكليف في أصول الفقه» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇشۇ پەننى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە كىتابىنىڭ بۇ قىسمىغا «كتاب المقاصد» دېگەن تېمىنى قوللانغان. لېكىن بۇ تېمىنىڭ مەسىلىرىنى بەزىدە بەك ئۇزارتىۋەتكەن، بەزىدە باشقىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، مەقسەتلەرنىڭ مۇھىملىرىغا سەل قارىغان. دېمەك، ئۇ بۇ ساھەدە خېلى پايدىلىق مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭىمەن، بۇ تېمىنىڭ مۇھىم مەسىلىرىگە سەل قارىمايمەن. لېكىن، مېنىڭ مەقسىتىم نېمە بولسا، شۇنى نەقىل قىلىش ۋە ئۇزۇننى قىسقارتىش ئەمەس.

مەن بۇ كىتابتا ئۆزۈم «ئىسلام قانۇنى» دېگەن نامنى خاس قىلىپ قوللىنىشنى لايىق دەپ قارىغان مۇئامىلە ۋە ئەدەب-ئەخلاق قانۇنلىرى توغرىسىدىكى ئىسلام قانۇنچىلىقىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارماقچىمەن. يەنە كېلىپ بۇ مۇئامىلە ۋە ئەدەب-ئەخلاق قانۇنلىرى پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى تونۇشتۇرۇشلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىللاردىن ئىبارەت ئىسلام دىنى ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئەھۋال بولۇپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇ بولسا دۇنيانىڭ تەرتىپىنى ساقلاش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بارلىق يوليورۇقلار، قانۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام قانۇنىنىڭ نەقەدەر بۈيۈكلۈكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

مېنىڭ بۇ كىتابتا قوللانغان مېتودىم: ناۋادا مەن «التشريع» (يەنى قانۇن) دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتسەم، بۇنىڭدىن ھەر قانداق يوسۇندا يولغا قويۇلغان قانۇننى ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان قانۇننى كۆزدە تۇتقان بولىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم «مۇستەھەب» ۋە «مەكرۇھ»لار ھەققىدە توختىلىش ئەمەس. شۇنىڭدەك، يەنە ئىبادەت ئەھكاملىرىمۇ «دىيانەت» دېگەن نام بىلەن ئاتالغىنى تۈزۈك. چۈنكى بۇ ئىبادەتلەرنىڭ كۆڭۈلنى باشقۇرۇشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولىدىغان كىشىلىك ئىسلاھاتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا سىرلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنى «ئىسلامنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى» دەپ ئاتاپ كەلدۇق ھەمدە مەن بۇنى «أصول نظام المجتمع في الإسلام» (ئىسلامدا جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ پىرىنسىپلىرى) دەپ ئاتاپ، ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتىم.

فىقھشۇناس، قانۇنشۇناس ۋە پەيلاسوپ ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن چىققان مەرىپەت بۇلاقلىرى سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز بۇ تېمىدا ئالاھىدە ئەسەر يېزىشتا پىشقەدەم ئىماملىرىمىزنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن پايدىلىنىشتا قىسمەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەھس-مۇنازىرىلىرى، چىقارغان يەكۈنلىرى ۋە سەۋەب بايان قىلىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىبادەت مەسىلىلىرىگە ۋە سودا-سېتىق ساھەسىدىكى بىر قىسىم ھالال-ھارام مەسىلىلىرىگىلا قاراتقان. ئەمما، بۇ ساھەلەر مۇئامىلە ئەھكاملىرىدىكى قانۇنچىلىقنىڭ سىرلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى بۇ ساھەلەر قانۇنشۇناسقا نىسبەتەن قانۇنىي قائىدە-پىرىنسىپلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە، پەيلاسوپقا نىسبەتەن بەھس-مۇنازىرىلىرىنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشتا، فىقھشۇناسقا نىسبەتەن ئۆز ئەسرىنىڭ تۈنجى بابلىرىنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى تۈزۈشتە ياخشى بولسىلا، بۇ چاغدا ئۇنى زېرىكىش ۋە بوشىشىپ كېتىش چىرمىۋېلىشتىن بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئاكتىپ يۈزلىنىش مەيدانغا كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال «فقه المعاملات» (كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر قانۇنى) بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىمدا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋاللار ئىچىدىن دىققىتىمنى تارتقان ۋە مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان

بىر قانچە مىساللارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا كۆپ جاپا چەكتىم ھەمدە ئېتىقاد ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى ئاشۇ مىساللاردا ئىسلام قانۇنىنى يولغا قويغۇچى زات ئاللاھنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ياكى مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ئاللاھنىڭ مەقسىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ئىشارەتلەر بار.

مەن بۇ كىتابنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدۇم:

بىرىنچى قىسىم: شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە فىقھى-شۇناسلارنىڭ شۇ مەقسەتلەرنى تونۇشقا بولغان ئېھتىياجى ھەمدە ئۇ مەقسەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە كاتېگورىيەلىرى ھەققىدە.

ئىككىنچى قىسىم: ئىسلام قانۇنچىلىقىنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرى ھەققىدە.

ئۈچىنچى قىسىم: فىقھشۇناسلىقتا «فقه المعاملات» (كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر فىقھىسى) دەپ ئېيادىلىنىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ تۈرلىرىگە خاس بولغان مەقسەتلەر ھەققىدە.

## بىرىنچى قىسىم

## شەرىئەتنىڭ قانۇنچىلىقتىكى مەقسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش

### كىرىش سۆز

ھېچكىم ئىنسانلار ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر سوماۋىي شەرىئەتتە ئۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرى شۇ شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى ھېكمەتلىك زات ئاللاھ تائالا كۆزلىگەن مەقسەتلەرنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىدىغانلىقىدا شەك قىلمىسۇن!... چۈنكى كەسكىن دەلىللەر بىلەن شۇ ئىسپاتلانغانكى، ئاللاھ تائالا بىھۇدە ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىكى سەنئىتىمۇ مۇشۇنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالامۇ مۇنۇ سۆزى ئارقىلىق شۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن: «بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتلارنى بىكارغا ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[5].

(5) سۈرە دۇخان 38-، 39-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر بىزنى ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقاچان ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟»[6].

ئىنسانىنىڭ ئەخلاقى ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا ئەخلاق بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ بەرگەن ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، شەرئىي قانۇنلارنى چۈشۈرۈشى پەقەتلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تۈزۈم بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشلىرى ئۈچۈن كىتابنى ۋە قانۇننى چۈشۈردۇق»[7]. ئىسلام قانۇنى بولسا ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ توغرا قانۇندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: «شەكسىزكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولغان دىن ئىسلام دىنىدۇر (يەنى ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن توغرا دەپ يولغا قويغان قانۇن ئىسلام قانۇنىدۇر)»[8] دېگەن بۇ سۆزىمۇ مۇبالىغە قىلىشتا قوللىنىلىدىغان «چەك قويۇش ياسالمىسى» ئارقىلىق شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارنى «توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇنى: «ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار!) دىنىڭلاردا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار...»[9] دېگەن سۆزىدە دىن دەپ ئاتىغانلىقىنى، يەنە: «ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان ئىشنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار...» دەپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ: «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل قانۇن ۋە ئوچۇق يول بەلگىلەپ بەردۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلغان بولاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، بىر قانۇنغا

(6) سۈرە مۇئمىنۇن 115 ـ ئايەت.

(7) سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت.

(8) سۈرە ئال ئىمران 19-ئايەت.

(9) سۈرە نىسا 171-ئايەت.

ئەمەل قىلىدىغان قىلالىتى)»[10] دېگەن سۆزىدە شەرىئەتلەر (يەنى قانۇنلار) دەپ ئاتىغانلىقىنى ھەمدە قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىنغان بارچە كىتابلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يۈكسەك ھىدايەت ئىكەنلىكىگە چىن پۈتىمىز. ئاللاھ تائالا: «شەكسىزكى بىز (مۇساغا) ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى نازىل قىلدۇق»[11] دېدى. ئاندىن كېيىن: «ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) تەستىقلىغۇچى مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق. (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىقلىغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر). تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر»[12] دېدى. ئاندىن كېيىن: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا نازارەت قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق»[13] دېيىش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى مۇنداق ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىدى: بىرى - ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارنى تەستىقلاش. بۇ سۈپەتتىن تەۋرات ۋە ئىنجىلدا كەلگەن شەرئىي قانۇنلار ئىچىدىن قۇرئان كەرىم ئەمەلدىن قالدۇرمىغان قىسمىنىڭ قانۇن قىلىپ بېكىتىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. يەنە بىر سۈپەت بولسا– ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارغا نازارەتچىلىك قىلىش. بۇ سۈپەتتىن تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قىسمى ۋە قۇرئان كەرىم ئېلىپ كەلگەن، لېكىن تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنمىغان شەرىئەت (قانۇن) ئاساسلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ سۈپەت بولسا «مهيمن» دېگەن سۈپەت بولۇپ، بۇ– ئىلگىرىكى كىتابلارغا شاھىت بولغۇچى ۋە نازارەت قىلغۇچى، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ساماۋىي شەرىئەتلەر (قانۇنلار) نىڭ ھەممىسى – بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتى – ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى پايدا-مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا مەيدانغا كەلگەندۇر. بىز بۇ كىتابتا «شەرئىي (قانۇنىي) مەجبۇرىيەتلەر» دېگەن سۆزىمىزدىن: ھاراق ئىچىشنىڭ ۋە ئېلىپ-سېتىشنىڭ ھارام

(10) سۈرە مائىدە 48-ئايەت.

(11) سۈرە مائىدە 44-ئايەت.

(12) سۈرە مائىدە 46-ئايەت.

(13) سۈرە مائىدە 48-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىنىشىغا ئوخشاش، قارىماققا مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇش ۋە زىيان كېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتى قولدىن كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىمىز. لېكىن يىراقنى كۆرەر ئادەم ئاللاھ تائالا يولغا قويغان مۇشۇ قانۇن-پەرمانلار ھەققىدە ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا، بۇ قانۇن-پەرمانلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئىچىدىن كۆپلىگەن دەلىللەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش بىزگە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىي ئەھكاملىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ھېكمەتلەر ۋە سەۋەبلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتلىرى بۇندىن كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىمىز: ئىسلام قانۇنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتىكى مەقسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولغاچقا، بۇنىڭ كونكرېت بايانىنى كېيىنكى تېمىلارغا قالدۇرىمىز. ئەبۇ ئىسھاق شاتىبىي «عنوان التعريف» ناملىق كىتابىنىڭ «كتاب المقاصد» قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بىر مۇنچىلىغان دەلىللەرنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ دەلىللەرنىڭ ئىچىدىن قانۇنىي مەقسەتلەرنى ئىسپاتلاشقا يارايدىغىنى ئاللاھ تائالانىڭ تاھارەت ئايىتىنىڭ ئاخىرىسىدىكى: «ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ سىلەرنى پاكلاشنى خالايدۇ...»[14] دېگەن سۆزى، يەنە: «قىساس ئېلىشتا سىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بار...»[15] دېگەن سۆزىدۇر. بىز بۇنىڭغا يەنە كۆپلىگەن دەلىللەرنى قوشىمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ھاراق ۋە قىماردىن يىراق تۇرۇش ھەققىدە نازىل قىلغان ئايەتنىڭ ئاخىرىسىدىكى: «شەكسىزكى، شەيتان ھاراق ۋە قىمار ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ-ئاداۋەت پەيدا قىلماقچى بولىدۇ...»[16] دېگەن سۆزى، يەنە: «... ئەنە شۇنداق قىلىش (يەنى بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش) زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر»[17] دېگەن سۆزى، يەنە: «... ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[18] دېگەن سۆزلىرى ئىسلام

(14) سۈرە مائىدە 6-ئايەت.

(15) سۈرە بەقەرە 174-ئايەت.

(16) سۈرە مائىدە 91-ئايەت.

(17) سۈرە نىسا 3-ئايەت.

(18) سۈرە بەقەرە 205-ئايەت.

قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ تېپىك مىساللىرىدۇر. كېيىنكى «ئىسلام قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى» دېگەن تېمىدا ۋە «ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن يولغا قويۇشتىكى مەقسەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى» دېگەن قىسمىدا بۇ ھەقتە يەنە كۆپلىگەن مىساللار كېلىدۇ.

## فىقھشۇناسلارنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا بولغان ئېھتىياجى

شەكسىزكى، مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى فىقھشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى بەش نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى نۇقتا: شەرىئەتنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش ھەمدە ئاشۇ سۆزلەرنىڭ تىل نۇقتىسىدىن قوللىنىلىشىنى ۋە شەرئىي قانۇنىنىڭ فىقھشۇناسلىقتىكى ھۆكۈملەرنى يەكۈنلەپ چىقىشتا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان سۆز قائىدىلىرىنى نەقىل قىلىشنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا مەزمۇنلىرىنى قېزىپ چىقىش. بۇ نۇقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى «علم أصول الفقه» (ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئىلمى) ئۆز ئۈستىگە ئالغاندۇر.

ئىككىنچى نۇقتا: مۇجتەھىدلەر ئۆزلىرىگە ئايان بولغان دەلىللەرگە زىت كېلىدىغان، شۇنداقلا دەلىللەرنىڭ ئۇقۇمىنى يوققا چىقىرىۋېتىدىغان ھەمدە ئۇ دەلىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ۋە مەزمۇن دائىرىسىنى ئىخچاملاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئامىللاردىن ساغلام ئىكەنلىكىگە ئىشەنچكە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، شۇ دەلىللەرنىڭ مەزمۇنىنى سۈزۈپ چىقىشتا ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىكىر يۈرگۈزگەن دەلىللەرگە زىت كېلىش ئېھتىمالى بولغان دەلىللەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. شۇڭا مۇجتەھىدلەر ئۆزى قوللانماقچى بولغان دەلىلنى ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان تۈرلۈك ئامىللاردىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىغان چاغدا قوللىنىدۇ. ناۋادا ئۆزى قوللانماقچى بولغان دەلىلگە زىت كېلىدىغان باشقا بىرەر دەلىلنى ئۇچرىتىپ قالسا، قانداق قىلغاندا بۇ ئىككى دەلىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئەمەل قىلغىلى بولىدىغانلىقى ياكى قانداق قىلغاندا ئۇ ئىككى دەلىلنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

ئۈچىنچى نۇقتا: شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى تۈپ سەۋەب (العلة)لەر ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۇسۇللىرىدىن بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرىدە ھۆكمى تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرنى ھۆكمى

تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرگە قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىش.

تۆتىنچى نۇقتا: مۇجتەھىدلەر كىشىلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن، ئەمما ھۆكۈمى مۇئەييەن بولمىغان ھەممە قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىش ئۈچۈن ئوخشىشى تېپىلمايدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەرگە شەرئىي دەلىللەر ئىچىدىن ئۆزلىرىگە روشەن بولغان يەكۈن بويىچە ھۆكۈم بېرىش.

بەشىنچى نۇقتا: مۇجتەھىدنىڭ نەزىرىدە ئېنىق مەۋجۇت بولغان شەرئىي ئەھكاملارنى، خۇددى بۇ ئەھكاملارنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلۇشىدىكى تولۇق سەۋەبلىرىنى ھەممىدە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلەلمىگەن ئادەم قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىش. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قانۇن يولغا قويۇشتىكى ھېكمىتىنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭرىلىكىگە نىسبەتەن ئۆز ئىلمىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ تۈرنى «تعبدي» (مۇتلەق قۇلچىلىق قىلىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك: فىقھشۇناسلار مۇشۇ نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىدە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا موھتاج. ئەمما تۆتىنچى نۇقتىغا بولغان ئېھتىياج ئېنىق ھەممىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ۋە تاكى قىيامەتكە قەدەر دۇنياغا كېلىدىغان ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىسلام قانۇنى ئەھكاملىرىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىنىڭ كاپالىتىدۇر. ئىمام مالىك - ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن - بۇ نۇقتىدا «المصالح المرسلة» (ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش) نىڭ شەرئىي دەلىل بولۇشقا يارايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ ھەقتە يەنە باشقا مۇجتەھىد ئىماملارمۇ شەرىئەتنىڭ كەسكىن بولغان ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى ئېتىقان بولۇپ، ئۇلار بۇ پرىنسىپلارغا ئېھتىياج (الحاجية) ۋە قوشۇمچە ئېھتىياج (التحسينية)لارنىمۇ قوشقان ھەممىدە ھەممىسىنى مۇناسىپ نام بىلەن ئاتىغان. بۇ ئەھۋال ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ سەۋەب قانۇنىيەتلىرىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندۇر. بۇ نۇقتىدا ئەقلىيەتچى نوپۇزلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ۋە ئىستىھسان (ياخشى دەپ قاراش)نى قوللىنىشقا ئالدىراشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەدىستىن چىقىدىغان دەلىللەردىن ھەممىدە ئەقلىيەتچى نوپۇزلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى خەۋەرسىز قالغان، ئەمما تۈرلۈك ئەھۋاللار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەھكاملىرى شۇ دەلىللەرگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت بولغان

بىر قاتار مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولغان ھەدىسشۇناس ئۆلىمالارنىڭ چۈشەنچىلىرى ئۇلارغا قارشى يۆنىلىشتە تۇردى. مەسىلەن: ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ شۇرەيھ قازىينىڭ «بىر نەرسىنى گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ قېلىش توغرا ئەمەس» دېگەن قارىشىغا رەددىيە بەرگەن. يەنە شۇنىڭدەك ھەدىس ۋە كۆز قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرگەن ئۆلىمالارنىڭ چۈشەنچىلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئېرىشكەن يەكۈنلەرگە خىلاپ كەلگەن ئەقلىيەتچى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە تۈزۈپ چىققان ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن: ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ سەلەف ئۆلىمالىرى ئىچىدىن: «سودا-سېتىقتا ئورۇن ئىختىيارلىقى بولىدۇ»[19] دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىپ، «الموطأ» ناملىق كىتابىدا: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا بۇ قاراش ئۈچۈن مۇئەييەن چەك ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنغان ئەھۋالمۇ يوق» دېگەن. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتلىرى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى- ئورۇننى بېكىتىشنىڭ مۇئەييەن پرىنسىپى يوق ھەمدە بۇ قاراش شەرىئەتنىڭ سودا-سېتىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن كۆزلىگەن مەقسىتىگىمۇ زىت كېلىدۇ.

ئىلگىرىكى ئۈچ نۇقتىغا كەلسەك، فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ ئۈچى ئىچىدىن بىرىنچى نۇقتىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا بولغان ئېھتىياجى- دەلىل قىلماقچى بولغان سۆزنىڭ شەرئىي نۇقتىدىن نەقىل قىلىنغانلىقىغا جەزم قىلىشقا بولغان ئېھتىياجىدۇر.

فىقھشۇناسنىڭ ئىككىنچى نۇقتىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر. چۈنكى فىقھشۇناسنىڭ ئۆزى قوللانغان دەلىللەرگە زىت كەلگەن دەلىللەر توغرىسىدا توغرا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئاندىن كېيىن ئاشۇ زىت كەلگەن دەلىللەرنى مۇۋاپىق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىشقا تۇرتكە بولغۇچى ئامىل - كۆز ئالدىدا تۇرغان دەلىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن چاغدا – ئاشۇ دەلىلنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ شۇ ھۆكۈمنى يولغا قويۇشىدىكى مەقسىتىنىڭ ئۆز پېتى بولۇشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلغان نەرسىگە قاراپ بەزىدە كۈچلۈك، بەزىدە ئاجىز بولىدۇ. دېمەك، فىقھشۇناس

(19) سودا-سېتىقتا ئورۇن ئىختىيارلىقى- ئىككى كىشى سودا-سېتىق قىلىشقان بولسا، سودا قىلىشقان شۇ ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگىچە سودىدىن يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ، دېگەن قاراشنى دېمەكچى. -ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزى توختىلىۋاتقان مەسىلىدە ئاشۇ دەلىلنىڭ شەرئىي ھۆكۈمنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولۇشىدىكى گۇمانىنىڭ مىقدارىغا قاراپ، ئۇنىڭ زىت كەلگەن دەلىلنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنداقلا، مۇجتەھىد ئۆزى قوللانماقچى بولغان دەلىلگە زىت كېلىدىغان بىرەر دەلىلنى ئۇچراتمىغان چاغدا، ئاشۇ گۇمانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ ئۆزىنىڭ زىت دەلىللەر ھەققىدە ئىزدىنىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا شۇنچىلىك قانائەت ھاسىل بولىدۇ. سەھىھ بىر رىۋايەتتە كەلگەن مۇنۇ ۋەقەلىك بۇ ئەھۋالنىڭ تىپىك مىساللىرىنىڭ بىرىدۇر: ئەينى چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە: «خەۋىرىڭ بارمۇ؟!... قۇرەيشلەر كەئبىنى بىنا قىلغان چاغدا كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۇپلىغان ئىقتىساد يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە تۇتقان ئۇلدىن كەم قىلىپ قويۇشتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بەيتۇللاھقا تەۋە بولغان تامنى بەيتۇللاھنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىگەن ئىدى» دېگەنلىكىنى ئېيتقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر ئائىشە بۇ گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بولسا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدكە يانداشقان رۇكنى يەمانەيىن (ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئىككى تۈۋرۈك)نى بۇسى قىلىش (قولى بىلەن سىلاش)نى پەقەت بەيتۇللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇتقان ئۇل بويىچە تاماملانمىغانلىقى ئۈچۈن تەرك ئەتكەن، دەپ قارايمەن، - دېگەن. بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن شۇنى بىلىپ يەتتۇقكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تۈۋرۈكنى بۇسى قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىشىدىن ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن شۇ دەلىلنى ئۆز كۆڭلىدىكى چىگىش تۈگۈنىنىڭ يېشىمى دەپ قارىغان ھەمدە بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلغان نەرسە شۇ بولغانىكى، بۇ دەلىلنىڭ ئۇقۇمىنىڭ ئۆزى بۇنىدىن ئىلگىرى بىلمىگەن مۇھىم بىر سەۋەب ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان چاغدا بۇ ئەھۋالنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى مۇھىم بولغان بىر سەۋەب ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشەنگەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى تەسكىن تاپقانلىقىدۇر.

مۇجتەھىدنىڭ بىرەر ھۆكۈمگە دەلىل قىلىپ قوللانماقچى بولغان دەلىلگە قانائەت قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆزى قوللانماقچى بولغان دەلىلگە زىت بولغان باشقا بىر دەلىل مەۋجۇت بولغان چاغدا بۇ زىت دەلىلنىڭ شەرئىيتىنىڭ مەقسىتىگە مۇناسىپ

كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىدىكى گۇمانىنىڭ كۈچىگە قاراپ تېز ياكى ئاستا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر قېتىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىغاندا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەبۇ مۇسا قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كايىدۇ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: بىرەرسىنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىغۇچى ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئىجازەت بېرىلمىسە، ئۇ كىشى قايتىپ كەتسۇن، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى شۇنداق قىلىشقا قىستاۋېرىپ، ئاخىرى ئۇنى ئەنسارلارنىڭ سورۇنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ گەپنى دېگەنلىكىنى بىلىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنسارلارنىڭ مويسىپىتلىرىدىن بىر كىشى ئۇنىڭغا: سەن ئۈچۈن پەقەت بىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمىز ئەبۇ سەئىيد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، دەيدۇ. نەتىجىدە ئەبۇ سەئىيد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زادى شۇنداق دېگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا قايىل بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەبۇ سەئىيدتىن باشقا كۆپلىگەن ئەنسارلارنىڭمۇ بۇ ھەدىسنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب- قۇرئان كەرىمدىكى باشقىلارنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن ئىجازەت سورىشى ھەققىدىكى دەلىلنىڭ ئىجازەت سوراشنى ئۈچ قېتىم بىلەن قەيت قىلىش ھەمدە ئۈچ قېتىمدىن كېيىنمۇ ئىجازەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىش، دېگەن گەپكە زىت ئىكەنلىكى كىشىنىڭ كۆڭلىگە گۇماننى قوزغايتتى. چۈنكى ئەبۇ مۇسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ: «... سىلەرگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلمىگىچە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار...»[20] دېگەن سۆزىدىكى ئابستراكتلىقنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئىدى.

(20) سۈرە نۇر 28-ئايەت.

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجۇسىيلاردىن جىزيە[21] ئېلىش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان چاغدا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلارغىمۇ ئەھلى كىتابلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) غا قوللانغان سىياسەتنى قوللىنىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى دەرھاللا قوبۇل قىلىپ، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكىگە باشقا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلىگەن بۇ ھەدىسكە زىت كېلىدىغان دەلىلنىڭ بارلىقىغا نىسبەتەن گۇمانى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، بۇ مەسىلە يۇقىرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن «ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراش مەسىلىسى»گە ئوخشىمايتتى.

فىقھشۇناسلارنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىشكە بولغان ئۈچىنچى نۇقتىدىكى ئېھتىياجىغا كەلسەك، ھۆكۈمنى قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىش مەسىلىسى چوقۇم ھۆكۈمنىڭ «تۈپ سەۋەبى» (العلة) نى ئىسپاتلاپ چىقىشقا تايىناتتى. ھۆكۈمنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئىسپاتلاپ چىقىش بەزى ھاللاردا خۇددى مۇناسىۋەتتىكىگە[22] ئوخشاش شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا موھتاج بولىدۇ. يەنى مۇجتەھىد قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىنماقچى بولغان ھۆكۈمنىڭ ئەسلى ھۆكۈمگە ماس كېلىدىغان سۈپىتىنى تېپىپ چىقىش، شۇنداقلا ئىش-ھەرىكەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم سۈپەت ياكى ئەھۋاللارنىڭ شۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولۇپ قېلىشىدىن ساپلاشتۇرۇش، قىياس (سېلىشتۇرما) قىلىنماقچى بولغان ھۆكۈم بىلەن ئەسلى ھۆكۈمنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەرقنى يوق قىلىشقا ئوخشاش. قاراپ بېقىڭ! مۇجتەھىد ئالىملار تۈپ سەۋەب (العلة) نىڭ ھۆكۈمنى ئېنىق بېكىتەلەيدىغان بولۇشنى شەرت قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپ مەقسەتلەردىن ئىبارەت شەرئىي ھۆكۈمنىڭ يوللىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى

(21) جىزيە– مۇسۇلمانلار پەتھى قىلغان زېمىنلاردا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن جانلىرى ۋە ماللىرى ھەر تەرەپتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان دىنسىزلار ئىچىدىن ساغلام بولغان، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ كىشى بېشىغا بەلگىلەنگەن مەلۇم مىقداردىكى سېلىقنى كۆرسىتىدۇ.-ت.

(22) مۇناسىۋەت– كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدىن مەلۇم بىر ئەمەلدە ئاشۇ ئەمەلنىڭ ۋاجىبلىقىنى ياكى ھاراملىقىنى ۋە ياكى شەرىئەت نۇقتىسىدىن ئۇ ئەمەلگە رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئۇقۇمدۇر. بۇ ئۇقۇم ئوپئوچۇق، پىرىنسىپقا چۈشىدىغان، شەرئىي ھۆكۈمنىڭ شۇنىڭغا ئاساسەن يەكۈنلىنىشى شەرىئەتنىڭ شۇ ھۆكۈمدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغانلىقى بىلەن ئەقلىنى كونترول قىلالايدىغان سۈپەتتۇر. شەرىئەتنىڭ ھەر قانداق بىر ھۆكۈمنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى بولسا، بىرەر مەنپەئەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ياكى بىرەر زىياننى يوق قىلىشتۇر.

بىزگە ھاۋالە قىلىپ كەلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن فىقھشۇناسلار ھەدىسلەر ئىچىدىن ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىشتا، ساھابىلەرنىڭ ۋە فىقھشۇناسلار ئىچىدىن سەلەپلەرنىڭ سۆزلىرىنى نەزەرگە ئېلىشتا ھەممە دەلىللەرنى يەكۈنلەپ چىقىشتا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا موھتاجدۇر. ئەينى چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنىڭ چىقىمىنى قىلىپ بېرىش ھەققىدە فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېيىتنىڭ ئۆز بالا-چاقىلىرىنىڭ يىغلىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئازابلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ: «ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوقۇغان.

فىقھشۇناسنىڭ بەشىنچى نۇقتىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇپ يېتىشكە بولغان ئېھتىياجىغا كەلسەك، شەكسىزكى ئۇ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىقىدىغان يەكۈن ھەممە ئۆز ئىلمىدە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى قانچە كۆپ مۇجەسسەملەشكە تىرىشقىنىغا قاراپ، تېگىرقاش مەيدانى بولغان ئاشۇ بەشىنچى نۇقتا ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە كېمىيىپ بارىدۇ.

شەرئىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ھەر قانداق بىر ئادەم (المكلف) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس. چۈنكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇش- ئىلىمنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى نازۇك بىر تۈردۇر. شۇڭا ئىلمسىز كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى شەرىئەتنى (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك قانۇنلىرىنى) مەقسەتنى تونۇماستىن قوبۇل قىلىشتۇر. چۈنكى ئۇ شەرىئەتتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەتنى بېكىتىشنى ھەممە ئۇ مەقسەتكە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشنى ئۇقمايدۇ. ئاندىن كېيىن كىشىلەرگە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ ئۆگىتىلگەن مەقسەتلەرنى نالايىق ئورۇنلارغا ئىشلىتىپ قويۇپ، ئەسلى مەقسەتنى دەل ئەكسىچە چۈشىنىۋالماسلىقلىرى ئۈچۈن شەرئىي بىلىملەردىن ئېرىشكەن نېسىۋىلىرىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ كېگەيتىش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئالىم بولغان كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى مەقسەتلەرنى چۈشىنىشتۇر. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆلىمالار بۇ ساھەدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىگە قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.■